شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# مۇنبەر

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

## 新疆社科论坛

5

2001

# ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى

قوش ئايلىق ھەممىباب ئىلمىي ژۇرنال    2001 - يىلى 5 - سان ئومۇمىي 53 - سان

يېڭى ئەسىر، پەن ۋە تۇرمۇش ........................ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى 1

## ئىقتىساد، ئىگىلىك، سودا

ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆزنىكىدە لوپنۇر .................. لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى 5

## كىلاسسىك ئەسەر، مۇزىكا

ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت............ غەيرەتجان ئوسمان 10
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە شىنخەي ئىنقىلابى.............................. ئارزىگۈل نىياز، ئىلھام ئۆمەر 22

## مەدەنىيەت، مائارىپ

مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەت.......................................... يۈسۈپ ھۈسەيىن 24
ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان ئوقۇش راسخوتىغا يەنە بەرداشلىق بېرەلەمدۇق - يوق؟ ............ شاۋشۇخۇي 34

## تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئاسارە ئەتىقە

يالتا كېلىشىمى ۋە جۇڭگونى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتى................ سوتاڭ 40
يۇرتىمىز بىلەن سومېرلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە..........................ئابلىكىم ئابدۇرەشىد 48
«تارىم» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە .................. پالتاخۇن ئەۋلاخۇن، گۈلنار ئىسمائىل 52

## تەھلىل، تەتقىد

بىزگە لازىمى تەپرىقىچىلىك ئەمەس، تەتقىدچىلىك................................ يۈسۈپ ئىگەم 56

## نەشرىيات ئاخبارات

نەشرىياتچىلىقنى چوڭقۇرلاپ تونۇش، نادىر ئەسەرلەرنى بايقاش ھەققىدە............... مۇھەممەد پالتا 60

## قامۇسچاق

كوسۇۋۇدىكى مىللىي زىددىيەتنىڭ تارىخى مەنبەسى .................. قۇربان سوپى تەرجىمىسى 62

باش مۇھەررىر: بەختىيار سايىتوف
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتور: مەرۇپ مەمتىمىن

# يېڭى ئەسىر، پەن ۋە تۇرمۇش

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى

يېڭى ئەسىردە بىز ئاجايىپ زور ئۈمىد ۋە ئۈمىدنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا توسقۇن بولىۋاتقان كىرىزىسلەر ئالدىدا بىلىم ئىگىلىكىنى باشلىدۇق. ئەمما، بۇ ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بىلىم كامالەتىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن زامانغا لايىقلىشىش ئىستىكىدە جىددىي تەقەززالىق تۇيغۇسىغا كىرىپ قالدۇق. كىرىزىس بىزدىلا ئەمەس، تەرەققىي تاپقانلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ يۈكسەك چارە - تەدبىرلەر بىلەن دۇنيانىڭ قالاق رايونلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىش پىلانلىرىنى يولغا قويدى. ئېلىمىزدە «ئارقىدا قالساق تاياق يەيمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن زامانىۋىلىشىش دولقۇنى ئەنە شۇ دۇنيانىڭ نوچىلىرىمۇ كىرىزىستا قېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە مىللەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلدى. بىزنىڭ ساپا قايغۇسىدا قاتمۇقات چوڭقۇر پىلانلار بىلەن توختاپ قالماي، مائارىپنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، پۈتكۈل جەمئىيەتنى گويا يېڭى تەپەككۇر ئۇيۇقىغا تۈتىشىپ تۇرىدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش بويىچە ئىلگىرىلىشىمىز، ئىجادىي مائارىپنى بارلىق تەلىم - تەربىيىنىڭ سەركىسى قىلىشىمىز ئەنە شۇ دولقۇن ھارپىسىدىكى ئىجادچانلىققا بېسىلغان غالىپ قەدەملەردۇر. بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر بىز ئۇزاق مەدەنىيلىك تارىخىمىزنى زامانىمىزغا ئۇلاپ بىزنى مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدا ساقلاپ قالىدىغان ئىجادچانلىققا سۇس قاراپ، يەنىلا ئاددىي ھېسسىياتپەرەسلىك كوچىسىغا مېڭىپ، باشقىلار دۇنيا بويىچە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مائارىپقا، پەن - تېخنىكىغا جان ۋە قېنىمىز بىلەن پەرۋانە بولمايدىكەنمىز. مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغىنىمىز قالغان.

توغرا، ئارقىدا قېلىش، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا گادايلىشىپ كېتىش دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان بىر خىل ئەرۋاھ، لېكىن پەلەكنىڭ گەردىشى يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزدىلا تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ. ئۇنى توغرا ھەل قىلىپ كۈچەيگەن مىللەتلەرلا بەختلىك تارىخنى ئۇزارتىدۇ. تەجرىبە ۋە ساۋاقلار بويىچە تارىخنى ئەسلىگەندە، مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىجادىيەت بىلەن مەدەنىيەت روھىنى ئۇلاشتۇر. چۈنكى «مەدەنىيەت بىر خىل روھ سۈپىتىدە پايانسىز زېمىننى ئارىلاپ يۈرىدۇ. ئەگەر ھەربىر مەدەنىيەت تىپىنى بىر يېگانە ئارالغا ئوخشاتساق، مەنىۋىيەت قۇتۇپلىرىنىڭ تۈرلۈك بۇرجەكلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن «يېگانە ئارال»لارنى دەل مەدەنىيەت روھى تاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، مەدەنىيەت روھى ئەقلنى سەگەكلەشتۈرىدىغان يارقىن نۇر قۇيۇنى بولۇپ، بەزىدە كىرىت ئارىلىنى، بەزىدە ۋىزانتىيە، مېسوپوتامىيىلەرنى، بەزىدە نىل دەريا ۋادىلىرىنى، بەزىدە تارىم تۈزلەڭلىكىنى ئارىلاپ يۈرىدۇ. بۇ خۇددى كۈچلۈك بىر دولقۇن چەمبىرى پۈتۈن سۇ يۈزىنى ئارىلاپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، يەنە لەرزە قايتۇرغاندەك بىر ئىش. تارىم ئېتەكلىرىدە تۈرلۈك تىل - يېزىق، دىن، مەدەنىيەت ۋە قانلار ئۇچرىشىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، تەكلىماكاننىڭ قەدىمىي باغرى زارا ئاستىر، ساكيامۇنى، ئېيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىپەتلىرى ئوغۇزخان، بىلگە قاغانلارنىڭ باھادىر چۇقانلىرى بىلەن جۇشقۇن بىر ئېقىنغا ئايلاندى. بۇ ئېقىندىن ھاسىل بولغان لاتقىلار بىھېساپ يوشۇرۇن بايلىقلارنى ئۆزى بىلەن يۇغۇرۇپ مۇنەججىم سۈپەت كەيپىيات بىلەن يۇلتۇزغا قاراپ قاغجىراپ ياتماقتا. بىزدە، «ئاۋېستا»، «بۇددا نوملىرى»، «ئىنجىل»، «تەۋرات» لارنىڭ ئۆزىمىزگە لايىقلاشقان ۋارىيانتلىرى بار. تەپەككۇرىمىزنىڭ ھالقىلىرى سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتېللارنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن مۇناسىپ سۇغۇرۇلغان. چۆچەكلىرىمىزدىكى قەھرىمانلار ئەرەپ، ھىندى، پارس، گرېك، رىم دالالىرىنى كېزىپ يۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادىمىز تۇتاشتۇرغان مەدەنىيەت رىشتىلىرىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن، كەڭلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، بىز باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ قۇدرەت تېپىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئەنئەنىگە ئىگە خەلق، بىراق بۇنداق ئەنئەنە يىللار سىرى ھەيۋەتلىك تۈسىنى يوقىتىپ، تار

www.uyghurkitap.com



جىلغا سۈيىگە ئوخشاپ قالدى»[1] . بۇ ھال بىزنىڭ دۇنيادا ئىچىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان خىسلەتلەرگە ئىگە تارىخىمىزنىڭ سۈپىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، شۇ ۋەجىدىن تار جىلغىدىن زامان تەلپىدىكى ئەزىم دەرياغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخى بويىچە مەدەنىيەت روھىنى ئۇلاش ئىجادىيىتىنى زامان تەلىپىدە ئورۇنداش بىزگە ۋىجدانىي بۇرچتۇر .

ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيلىك تارىخىمىزنى ئۈزۈپ قويماي تۇتاشتۇرۇپ مېڭىشتا گادايلىق ياكى جەڭ ئەرۋاھلىرى بېشىمىزغا قارا بالا قىلىپ قويغان مەسىلىلەر بىلەن ئىللەتلەرنى توغرا ھەل قىلدى ، دەۋر ئېتىبارىدىكى ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرگە مەردانىلىك قىلىشتىن باشقا ، ئىجادچانلىق كۆز قارىشىنى خۇددى نامايىشچى قوشۇننىڭ ئالدىدا بىر سەپكە مەشئەل كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك جەۋلان قىلدۇرۇپ ماڭدى ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدەك ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇردى ، مىللىي خاسلىقنى ھەربىر دەۋر ئېتىبارىدا دۇنياۋى سەۋىيىدە ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىگە قوشىدىغان سەپ - سەپ ئالىم - ئۆلىمالىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، بىزنى دۇنيانىڭ كاتتا مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى . بىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈنكى مىللىي خاسلىقىمىزنى يەنە شۇ مەدەنىيەت داۋامچانلىقى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى ئورنىدىكى «بىلىك» ، «بىلگە» ، «ئەردەن» ، «ئەزگۈ» گېنىنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۇلاپ يېڭى نوتىلارنى كۆكلىتىشىمىز كېرەك . بۇ نوتىلارنىڭ مېۋىلىشى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خاسىيەتلىك دورا . ئارقىدا قېلىش ، گادايلىشىش ياكى چىرىپ چېكىنىپ كېتىشلەر مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ مەدەنىيەت روھىغا زامان تەلىپىدە ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان . مەدەنىيەت ئۇلىنىشىدىكى بۇنداق ئىزچىللىقتىن كۆرۈلىدۇكى ، بىزدىكى ئىجادچانلىق خۇددى ئۇلۇغ بۈزرۈكۋارلىرىمىزنىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى بۇلۇقلىما ھاسىل قىلغان مۇھەببەتلىك كۆز يېشى بىلەن قىلغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزدەك مۇقەددەس ، بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئەگىشىپ ئۇچۇۋاتقان لاچىنلار توپىدەك ھەيۋەتلىك ھەرىكەت . بىز پەقەت ئىجاد قىلغاندىلا ، باشقىلار خۇددى ناغرا - سۇنايلىرىمىزنى ئاڭلاپ بىزنىڭ يىراق مەدەنىيەت گېنىمىزنىڭ سەنئەتلىك ئۇلىنىشىنى كۆرگەندەك ، بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك ساھەسىدە مىللەت تارىخىمىزنى ئۇلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرىدۇ ، ئىجادىيەت سەۋىيىمىزگە قاراپ مەدەنىيەت بويىمىزنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى ئۆلچەپ ئېتىراپ قىلىدۇ . ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش ، ھۆرمەت قىلىش ، باشقىلارغا ھەم ئېتىراپ قىلدۇرۇش دېگىنىمىزنىڭ مېغىزلىق مەزمۇنى ئەنە شۇ خاسلىق - ئىجادچانلىقتۇر .

ئارقىدا قالماي تاياق يەيمىز دېگەن نېمە؟ - دەيدۇ پروفېسسور فاڭ نىڭ «جۇڭگونىڭ چىقىش يولى» دېگەن كىتابىدا ، - مېنىڭچە ، ماددىي قالاقلىقتىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى مىللىي روھنىڭ يوقىلىشىدۇر . «بىر مىللەتنىڭ روھىي جەھەتتە يىلىكدەپ كېتىشى ئېلىپ كەلگەن ئاجىزلىق نوقۇل ئىقتىسادىي قالاقلىقتا قارىغاندا يەكمەك ئېغىرمۇ تەس بولغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىدۇر» . مەن بۇ سۆزنى بىزدىكى زامانىۋىلىشىشقا لايىقلىشىش ئىستىكىدە يۈرىكىمىزدە پەيدا بولغان ئىجادىيەت تەقەززالىقىنى قاندۇرۇشقا بېرىلگەن دەلمۇ دەل جاۋاب دەپ قارايمەن . «بەرپاچىلىق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى جان» دېگەن سۆزنى بولسا ، ئاشۇ بۈيۈك ئالىملار مەسلىھەتىدىكى «بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقى» نى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ دەپ قارايمەن .

ئۇنداق بولسا ، بىز مۇشۇ يەكۈن بويىچە ئۆتكەن ئەسىرنى ۋە ھازىرقى خەلقئارا ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى : XX ئەسىردە ئىختىرا ، ئىجادىيەتنى بايراق قىلغان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇردى . پەن - تېخنىكا ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن قۇياش . پەن - تېخنىكىدىكى تەرەققىيات ئىنسان مېڭىسى تەرەققىي قىلغانلىقتىن ، ئىنسانلار مېڭىسى توختىماستىن مەدەنىي روھلارنى دۇنياۋى تۇتاشتۇرۇپ ماڭغانلىقتىن يۈز بەردى . بۇ تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ بىلىپ ئېلىنغان بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز جۇغلاش ۋە بىلىپ ئېلىنمىغان دۇنيا ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى . شۇ ۋەجىدىن بىز XX ئەسىرنىڭ ئىجادىيەت قاتلىمى بويىچە قۇچاق ئېچىۋاتقان XXI ئەسىرنى مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىش ئۈچۈن تالانتنىڭ يېڭى گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدىغان ئىجادىيەت ئەسىرى دېگەن يەرگە كېلەلەيمىز .

① ئابدۇقادىر جالالىدىن : «بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى» ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ، 1998 - يىل 21 - سا 166 - بەت .

هازىرقى دۇنيا مانا مۇشۇنداق قاراشقا ئورتاقلاشقانلىقتىن، ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە ئادەم ئازادلىقىنى كونا مۇقامدىن تامامەن پەرقلىق هالدا بىر پۈتۈن چۈشىنىشكە باشلىدى. يەنى ئادەم ئازادلىقىنى سىياسىي ئازادلىق، ئىقتىسادىي ئازادلىق، پىكىر ئازادلىقى ۋە پاراسەت ئازادلىقىدىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ بىرلىكىدە چۈشىنىپ، يېڭى ئەسىردە پىكىر ۋە پاراسەت ئازادلىقى ئارقىلىق ئالدىنقى ئىككى تەرەپنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تالانت جېڭىگە چۈشتى.

پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ جەڭدە ئىكەن، ئۇنداقتا، قايسى ئادەم، قايسى جاي، قايسى خەلق ئىجادچانلىقىنى قوزغاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى هازىرلاپ، كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان تۈرلۈك ئىدىيۋى ئاسارەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلىيالىسا، ئادەم ئازادلىقىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان تالانت - پاراسەت ئازادلىقىنى ئورۇنداپ، ئادەمدە يوشۇرۇن تۇرغان ئەقلىي ئىقتىدار بايلىقىنى ئېچىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش بويىچە جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

راست، هازىرقى كۈندە ئادەمدىكى مەنىۋى دۇنيادىن باشقا بايلىقلار ئاساسەن ئاشكارا بولۇپ بولدى، باشقىلارغا سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىغان پەقەت ئەقىل - پاراسەت بولۇپ قالدى. بۇ بايلىق تېخىچە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە يوشۇرۇن ئۇخلىماقتا، شۇڭا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدىكى تەسىرى كۈچلۈك ئالىملار دۇنيانىڭ يېڭى ئىش، يېڭى شەيئىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى، بولۇپمۇ ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش هەققىدە ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. پەننىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، هەربىرىمىزدە خىيالىمىزدىكى بارلىق شېرىن چۈشلەرنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا قادىر تالانت ۋە پاراسەت بار. بىز پەقەت ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەتىجىلەرگە ئايلاندۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇتۇق قازانغان سەر خىللار قاتارىغا كىرەلمىدۇق. بىز گەرچە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، پەقەت ئەقلىمىزدىكى پاراسەتنىڭ ناهايىتى ئاز قىسمىنىلا ئىشقا سالدۇق. بىزدە يەنىلا ناهايىتى يۈكسەك قىممەتكە ئىگە بايلىقلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بىزدىكى مېڭە بايلىقى شۇنداق زوركى، ئەگەر بىز مېڭىمىزنىڭ يېرىمىنى ئىشقا سالغان تەقدىردە 40 خىل چەت ئەل تىلىنى بىمالال ئۆگىنىۋالالايمىز، چوڭ قامۇسلارنى يادلاپ چىقالايمىز. 12 تۈرلۈك پەندە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالالايمىز. دېمەك، بىزدىكى پاراسەت يېڭى ئەسىردىكى ئىگىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈشكە كاپالەت بېرىدىغان غايەت زور خەزىنە. ئۇ بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇ هەربىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ هەرىكەتلىنىشىگە باغلىق. مەدەنىيەت تارىخى بىزگە ئېچىپ بەرگەن هەقىقەت بويىچە قارىغاندا، تالانتلىق دەپ ئاتالغانلارنىڭ هەممىسى، دۇنيا تەرەققىياتىدا باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغان مىللەتلەرنىڭ هەممىسى ئەنە شۇنداق تالانتى بىلەن ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ چولپان بولغانلاردۇر. تالانت هەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلغانلىقىنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىدە سۇس تەرەپلىرىنى يېڭىپ، تۆۋەن هالەتتىن هالقىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى؛ ئۆزىنىڭ ئەقلىنى بۇلغايدىغان ناچار تەرەپلىرىنى تېپىپ تۈزىتىپ، سەر خىل ئادەملەر توپىغا كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇنداق ئىكەن، بۇ تەرەققىيات جەريانى بىزگە تالانت ئازادلىقىنى ئادەم ئازادلىقى، ئىقتىدار ئازادلىقى ۋە قەلب ئازادلىقىنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈشنى، زامانىۋى مىللەت بولۇش ئۈچۈن بەرپاچىلىق يولىغا مېڭىپ، ئۈمىدنى مىللەتتە يېتىلىۋاتقان ئىجادچان ئەۋلادقا باغلاشنى شەرت قىلىدۇ. بىزدىكى بىهېساپ يوشۇرۇن بايلىق ئەنە شۇ چاغدا - ئاشۇ ياش ئالىملىرىمىز يېتىلگەندە، خەلقىمىز ئۆزىدىكى ئىجادىي قۇدرەتكە ئىشەنگەندە ئېچىلىدۇ.

تەرەققىي تاپقان دۆلەت، مىللەت دېگەنلەر نېمە؟ ئەنە شۇ هەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەنلەردۇر. ئەمەلىيەتكە قارىساق، ئۇلار ئۆز ئەللىرىدە تالانت ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن توختىماي، دۇنيا بويىچە تالانت كۈرىشىدىمۇ سەزگۈر ئىنسانلار بولدى. ئىشەنسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، نامراتلىقنى ئەنە شۇ تالانت بايلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئىككى يول بىلەن هەل قىلدى. ئەنە، ئامېرىكا تالانت تالىشىش بويىچە بىزگە تونۇشلۇق دۆلەت. ئۇ XX ئەسىردە دۇنيا بويىچە تالانتنى قەدىرلەش ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش بىلەن ئۆتۈپ چىقتى. ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيەلەرنىڭ 10 يىل بۇرۇنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى، بىئو تېخنىكا ۋە ئالاقە تورى بولغان ئىنتېرنېت ساهەسىدە نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا شىركەتلىرى دۇنيا بازىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى؟ ياۋروپا بىلەن ياپونىيە تالانت ئازادلىقىنى ئۆز ئەللىرىدە ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن قانائەت هاسىل قىلغان بولسا، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنياغا تور سېلىپ. تالانت بېلىقلىرىنى تۇتۇش بىلەن شىركەتلىرىنى دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى دانىشمەنلەر بىلەن تولدۇرۇۋالدى. ئامېرىكىنىڭ تالانت

www.uyghurkitap.com



ئازادلىقىغا ئېرىشكەن يەرلىك خەلق بىلەن چەتتىن كەلگەن دانىشمەنلەر بىرلىكتە ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۈستۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ يۇقىرى پەن – تېخنىكا سانائىتىدىكى دۇنياۋى ئۈستۈنلۈكىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. دېمەك، دۇنيا XX ئەسىردە ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇلاپ شۇنچە كۈچلۈك باي دۆلەتلەرنى، ئىلغار مەدەنىي مىللەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق ئىلگىرىلەش قانۇنى دۇنيانىڭ بارلىق مىللەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ! بىز ئۇنداق ئۇلاشنىڭ نۇرغۇن ھالقىلىرىدا بىمار تۇرۇۋېلا قالماي، يەنە بىر مۇنچە تارىخىي مىراس سۈپىتىدىكى سانائەت، تېبابەت ۋە تېخنىكا تۈرلىرىنى دەۋر تەلىپىدە زامانىۋىلاشتۇرماي يوقىتىپ قويدۇق. يوقىتىپ قويۇش بىزدىكى ئىجادچانلىقنىڭ كەملىكىدىندۇر. بۇنى تونۇپ يەتمىسەك، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويىمىز، مەنىۋىلىكتە يوقىتىش ئاخىرلاشمايدىكەن، يوقىلىپ كېتىش ئۈستىدىكى ئەنسىزلىكمۇ تۈگىمەيدۇ.

ئەنە، ھەقىقەت شۇنداق يورۇق. ئارقىدا قالغان تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن بىزگە تالانت ۋە ئىجادىيەت بويىچە ئىلگىرىلەپ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىشتىن باشقا يول يوق. ئىجادىيەت قۇدرىتى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد قالاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەرۋاھنى قوغلايدىغان كۈچ. ئەڭ مۇھىم سۆز شۇكى، بىلىم ئىگىلىكى مىسلىسىز بىر ئىنقىلاب، بۇ يەردە بىر مۇنچە ئادەملەر توپى يوقىلىپ، بىرمۇنچە يېڭى جامائەتلەر باش كۆتۈرىدۇ، ئەمما جەڭ قوراللىرى كۆپ ئىشلىمەيدۇ، بىلىم قورالى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىجادچانلىق بىلىم قورالىنى ئاخىرغىچە مۇستەقىل تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسىدۇر. بىلىم جېڭى قورال – ياراغ جېڭى بىلەن ئوخشاش، بەلكىم قورال – ياراغ جېڭىدىن يامان. جەڭ بولغانىكەن. ئۇنىڭغا ئۆتكۈر قورال كېرەك بولىدۇ. مەن بۇ قورالنى ئالىم، دوكتور فاڭ نىڭنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئىپادىلەيمەن. «جۇڭگولۇقلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران – چاپقۇنلاردىن قورقماسلىقى ياكى كەينىگە چېكىنمەسلىكى كېرەك. ئىستىبلا چىللار ئالدىدا ياشاپ قېلىش ياكى ئۆلۈپ تۈگىشىپ كېتىش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مەسىلە، ئۆزىنى دالدىغا ئالغىلى بولمايدىغان چېلىش ئالدىدا كىشىلەر ئۈمىدلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بىز ئۈمىدۋار بولىمىز، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن بولۇش، تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىش، ھەربىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇش قاتارلىق ئامىللار مۇھىم، لېكىن، ئۇ ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئارىلىقنى قىسقارتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە غەربنىڭ ئىدىيە ھەم سۆز – چۆچەك زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشتۇر. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاپ قېلىش ماھىيەتتىن ئالدىدا تۇرىدۇ، ياشاپ قېلىشقا جۈرئەت قىلغانىكەنمىز، ياشاپ قېلىشنىڭ ھەقىقىتىنى تاپالايمىز، ياشاپ قېلىشنىڭ يولىنىمۇ تاپالايمىز. ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ يۈرەك قېتىدىكى مىللىي ئاڭنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەننى پەرۋاز قىلدۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن يېڭى ئەسىر بورانلىرىنى كۈتۈۋالايلى!»① . روشەنكى، مىللەتتىكى ئىجادچانلىقنى قوزغاش بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىپ ھەقىقەت ۋە چىقىش يولىغا يېتىپ بېرىشنىڭ تۈگۈنىدۇر. ھازىرقى كۈندە، ئەگەر بىر زىيالىيدا، ھەتتا بىر تىجارەتچىدىمۇ مۇشۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى، خەلقى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدىكەن، ئۇ ھېچقانداق ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ. بىر مىللەتتە بۇنداق تۇيغۇلار كۈچلۈك بولمايدىكەن، زامان رىقابىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتقان جاھان بازىرىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھاياتىمىزغا تاقىشىدىغان بۇ ئەنسىزلىكلەر ئالدىدا داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن، بىز ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت ھەقىقىتىگە سەممىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆز تارىخىدا ئىجادچانلىق بىلەن بىزنى ھازىرقى كۈنگە ئۇلىدى، بىزمۇ بۇ ھەقىقەتكە بولغان ساداقەتلىك ۋە ئىززەتلەش ھېسسىياتى بىلەن ئۇلارغا ئۇلىنىشىمىز كېرەك. بىر ئادەم، بىر مىللەت ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەردىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ، تۈزىتىدۇ. بۇ خاتالىقلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئۆز كاللىسى بىلەن ئويلاش، ئۆز پۇتى بىلەن يول مېڭىش، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەش روھىدىن يېنىۋېلىش، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ھاياتلىقىنىڭ بۇلىقى بولغان ئىجادىيەت قۇدرىتىگە سەل قاراشتۇر. بۇنداق خاتالىقنى تۈزىتىش توغرىسىدا «ئەتە» دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى «بۈگۈن» لا تۈزىتىش كېرەك. چۈنكى پەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجادىي روھنىڭ ئۆلۈشى مىللىي روھنىڭ ئۆلۈشى، مىللىي غۇرۇرنىڭ يەرگە ئۇرۇلىشىدۇر.

① «جۇڭگونىڭ چىقىش يولى» خەنزۇچە نەشرى، 8 – بەت.

# ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆزنىكىدە لوپنۇر

لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى

ئىلاۋە :لوپنۇر ـ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھايىتى مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلار مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى پارلاق بولغان بىر ناھىيە. شۇڭا، بۇ يەر ئۆزاقتىن بۇيان ژۇرنىلىمىزنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات نىشانى بولغان. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى زور ئىرىشچانلىقى بىلەن بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، بۇ ناھىيىنى قەدىمكى شەھەر ـ خارابىلىقلىرىدىن ھالقىغان گۈزەل ھەم بەختلىك ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسى ھەسسىلەپ كۈچەيدى. بىز ئالىي مۇھەررىرى ئىسلامجان شىرىپنىڭ 3 قېتىملىق زىيارىتى ئارقىلىق رەھبەرلىك ۋە خەلق ئاممىسىدىكى بۇنداق قىزغىنلىق، لوپنۇرنىڭ زېمىن بايلىقىدىكى مولللۇق ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئۆستى ـ دە، بۇ ناھىيىنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە كېلىچەك تەرەققىياتى ھەققىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ناھىيىلەرنىمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئەتمەكچى بولدۇق. شۇڭا، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك بولۇداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى بىزگە يوللاپ بېرىشىنى، زور ۋە زۆرۈر ئىشلاردا بۇ سەھىپىمىزنىڭ رىياسەتچىسى ئوبۇلقاسىم زۇنۇن (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) دىن يولىيورۇق سوراشنى، ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇقتىلىق مەسىلىلەردە ھاكىم جېلىل ناسىر بىلەن مەسلىھەت قىلىشنى، بىزگە يوللايدىغان ماتېرىياللارنى مۇئاۋىن رىياسەتچى يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم (لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى) بىلەن ئالاقە قىلىپ تۈزۈشنى سورايمىز.

---

لوپنۇر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي رايونىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 84°02′50″ ـ 89°58′50″، شىمالىي پاراللېل 40°10′33″ ـ 41°39′47″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ غەرب تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار، كۇچا ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى بۈگۈر، باغراش، خوشۇت ناھىيىلىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى ۋە پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا. ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 502.8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 165 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە بازىرى كورلا شەھىرىگە 52 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 530 كىلومېتىر كېلىدۇ (تاشيول بويىچە ھېسابلانغان ئارىلىق).

ناھىيىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي قىسمىنى قۇرۇقتاغ (شەرقىي بۆلىكى) توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، يەر شەكلى كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، شەرقىي جەنۇپقا پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000 مېتىرچە كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك. تارىم دەرياسى غەربىي شىمالىي تەرەپتىن، كۆنچى دەرياسى شىمال تەرەپتىن كېلىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. ناھىيىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇقلۇق تېپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ پەرقى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ يىللار، ئايلار بويىچە پەرقى چوڭ، ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى تەخمىنەن 36℃ بولىدۇ. بىر كۈن ئىچىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش پەرقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17℃ – 18℃ قايىتىمدۇ. تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدۇ، قىشتا قۇرۇق سوغۇق، يازدا تومۇز ئىسسىق بولىدۇ، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ئەمما تۇراقلىق بولمايدۇ، كۈزدە تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.1℃ بولىدۇ. يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىردىن 150 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردا يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى 70 مىللىمېتىردىن 150 مىللىمېتىرغىچە، تۈزلەڭلىكلەردە 30 مىللىمېتىردىن 40 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2700 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 185 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 212 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 144 كۈن بولىدۇ. ناھىيە دائىم قۇم – بوران، قىراۋ ئۇششۇكى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، يامغۇر (شورلىشىپ كېتىش) ۋە مۆلدۈر قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 كۈن قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، بۇ جاي مەملىكەت بويىچە ئەڭ قاتتىق قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. (تورپان ئويمانلىقىدىن كېيىن تۇرىدۇ)

1985 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش جەھەتتە تۆت يېزا، بىر بازار، ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، بىر ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىلدى، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 – شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بار. ناھىيىدىكى جايلار ۋە يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن مەيدانلىرىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 17 مىللەت ئولتۇراقلاشقان، ئومۇمىي نوپۇسى 73 مىڭ 561، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 31 مىڭ 753، ناھىيىگە تەۋە نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر 70.3% نى، خەنزۇ 25.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيىدىكى جايلار ۋە يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن – مەيدانلىرىدا نوپۇسنىڭ زىچلىقى جەھەتتە، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1.23 ئادەم توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى ھېسابلىنىدىغان لوپنۇر بازىرى ناھىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايلىق، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت مەركىزى. 1985 – يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئائىلە 1173، نوپۇس 4826، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2155 بولۇپ، 44.65% نى ئىگىلەيدۇ.

لوپنۇرنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى شەھەر دۆلىتى لوپنۇر ۋە كۆچمەن ئەللەر دۆلىتى قۇرۇقتاغ ئېلىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى ئىدى. ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ساۋساۋ قۇرغان ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كىنگىت بەگلىكى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلوڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، لوپنۇر ئاۋۋال تورپان ۋاڭى (ئىمانچى خانى) ئىمىنخوجىغا تەۋە بولدى. چيەنلوڭنىڭ 24 – يىلى (1759 – يىلى) يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان قاراشەھەر خان ئامبىلىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. گۇاڭشۇينىڭ 16 – يىلى (1891 – يىلى) ئىگىبىنقىر (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2 – شى 31 – تۈەن – مەيدان) دا نەپىقە – دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، يەرلىككە ئائىت ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنىدى. گۇاڭشۇ 25 – يىلى (1899 – يىلى) شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، مىنگونىڭ 3 – يىلى (1914 – يىلى) لوپنۇر ناھىيە-

سىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە قارا شەھەر ۋىلايىتى،
قاراشەھەر مەمۇرىي رايونى (8 - رايون) مەمۇرىي
مەھكىمىسى، قارا شەھەر مۇپەتتىش ۋالىي مەھكە-
مىسىگە قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قارا شەھەر
ۋىلايىتى، كورلا ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل
ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي
بايلىقى مول. ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىكى
ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر 317 مىڭ 700 مو، بۇنىڭ
ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نەق تېرىلغۇ يەر 104 مىڭ
200 مو، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم بوزيەر
ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 213 مىڭ
500 مو؛ 2 مىليون 549 مىڭ 700 مو تورلۇق
ئورمانلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق 996
مىڭ 700 مو بولۇپ، بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىز
بويىچە توغراق ئورمىنى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
رايونلارنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە كۆل ناھايىتى
كۆپ، سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپ مول بولۇپ،
چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى سو-
رۇن بىلەن تەمىنلەنگەن. ناھىيە بويىچە 1985 -
يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتلاق 15 مىليون 562 مىڭ
800 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋەسى 15 مىل-
يون 416 مىڭ مو. ھازىر ۋېرمىكۇلىت، كۆمۈر،
فوسفور، تۆمۈر، ھاك تېشى، سۇرمە تاش، تاش-
پاختا قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈپ ئې-
نىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېرمىكۇلىت زاپىسى
مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋېرمىكۇ-
لىت زاپىسىنىڭ 92.93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.
ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك
قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈل-
گەن ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، قارا تايغان بۆغا
قاتارلىقلار بار.

5000 - 6000 يىللار بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز لوپ-
نۇردىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئەمگەك قىلىپ، يا-
شاپ كۆپەيگەن، يەرلىك ئاھالىلەر تېرىقچىلىق
قىلماي، چارۋىچىلىق قىلاتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ
يۇڭلې 3 - يىلى (1509 - يىلى) دىن كېيىن
ئانچە - مۇنچە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بارلىققا كەل-
گەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 17 - يىلى
(1891 - يىلى) شىنىغا ئۆستىڭى (مىنگونىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدا لوپنۇر ئۆستىڭى دەپ ئۆزگەر-
تىلدى) چېپىلىپ، بوز يەر ئېچىلىپ، ئاشلىق
زىرائىتى تېرىلدى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئى-
گىلىكى تېز راۋاجلاندۇرۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدىن
بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، پاختا، ياغلىق دان
قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.
1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 829 مىڭ
700 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكى 4 مىليون
897 مىڭ يۈەندىن 2.03 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىن-
غان ئومۇمىي ئاشلىق 1976 - يىلدىكى 14 مىل-
يون 45 مىڭ جىڭدىن 25 مىليون 703 مىڭ
جىڭغا يېتىپ، %83 ئېشىپ، كىشى بېشىغا ئوت-
تۇرا ھېساب بىلەن 809.4 جىڭدىن توغرا كەل-
دى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي پاختا 1 مىليون 382 مىڭ
جىڭغا يەتتى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي ياغلىق دان 595
مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن
3.94 ھەسسە ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا
توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 459.06
يۈەنگە يەتتى.

چارۋىچىلىقتا كالا، قوي، ئات، ئېشەك قاتار-
لىقلار بار. لوپنۇر ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە
ئەلتىرە قويى ئاساسلىق بېقىلىدىغان رايونلارنىڭ
بىرى. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئانچە تۇراقلىق
بولمىسىمۇ، قالدۇق چارۋا ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەك-
تە. 1949 - يىلى 113 مىڭ تۇياق چارۋا بار
ئىدى. 1985 - يىلى 230 مىڭ 100 تۇياققا
يېتىپ، %104 كۆپەيدى. 1978 - يىلدىن كې-
يىن، قاشالانغان ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرى-
لىپ ۋە ئوتلاق ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى
يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىم چېكىنىپ كەتكەن ئوت-
لاق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. چارۋىچىلىق تۈزۈلمە-
سىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن كەڭ چارۋىچىلار-

www.uyghurkitap.com



نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغالدى . 1985 ـ يىلى چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 77 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى . 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 469 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى ؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 686 يۈەنگە يېتىپ ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 2.9 ھەسسە كۆپەيدى .

خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، خام چوت ئىچىدىكى مالىيە كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى . 1985 ـ يىلى مالىيە كىرىمى 1 مىليون 491 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 76.4 % ئاشتى ، ئەمما يەنىلا دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك قىيىنچىلىق تۈگىمىدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، سەھىيە ، مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى . ناھىيە بويىچە 1985 ـ يىلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 12 ، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى ، ئوقۇغۇچىسى 6551 ؛ 1986 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسى ئاپتونوم ئوبلاست ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى ، ناھىيىگە ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش لاياقەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى ، ناھىيە ، ئاپتونوم ئوبلاست ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپى جەھەتتە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى . 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا خادىمى 809 بولۇپ . بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار خادىم 750 ؛ 1978 ـيىلدىن بېرى پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشتى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، مال دوختۇرلۇق قاتارلىق 13 پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ ، تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا ، يېڭى قورال ـ سايمانلار كېڭەيتىلدى ، تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى چاقىرىلدى ، بۇ ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى . 1984 ـ يىلى دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سۇچىلىق ، تېببىي داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردە 11 ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەركەز قىلىنغان پەن ـ تېخنىكا تورى شەكىللەندى . 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 50 پەن ـ تېخنىكا تۈرى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن پەقەت بىرلا تېببىي داۋالاش ، سەھىيە ئاپپاراتى بار ئىدى ، 1985 ـ يىلى 11 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ، كەنت شىپاخانىسى سەككىز ، كېسەل كارىۋىتى 66 ، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 121 . ھازىر يېزىلاردا دوختۇر يېتىشمەسلىك ، دورا كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ؛ يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تىزگىنلەندى ؛ خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . خەنزۇ ئاھالىلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلدى ، 1985 ـ يىلى ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.04 % تە تىزگىنلەندى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى . ناھىيە بازىرىدا يەنە مەدەنىيەت يۇرتى ، كۇتۇپخانا ، شىنخۇا كىتابخانىسى ، كىنوخانا (ئەترەت) ؛ رادىئو ئۇزېلى ، تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى قاتارلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى بار ، يېزا ـ بازارلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەدەنىيەت پونكىتى ، رادىئوئۇزېلى ، كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى

ئومۇمييۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ناھىيە بازىرىدا بىر ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مەيدانى ياسالدى. تەنھەرىكەت بازار - يېزىلاردا ئومۇملىشىپ، ماھارەت كۆرسىتىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتى بەكرەك ئومۇملاشتى، ھېيتبايراملاردا بازار - يېزىلاردا مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، لېي فېڭدىن، ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەردىن ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»، «ئۈچتە ئەلا بىردىن ئۆگىنىش»، «سىبىلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشتۈرۈش، ياردەم بېرىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىق، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەر، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. بازاريېزىلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا يادەملىشىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ، بىرلىكتە سوتسىيالىستىك يېڭى لوپنۇر قۇرماقتا. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1982 - يىلى چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىدى.

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى يارداڭلىق قەبرىستانلىقى ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە تەۋە قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قەبرىستانلىقتا 42 قەبرە بار، لەھەت قۇم يەرگە تىك كولانغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياقورۇل تۇرى، بارىگاھ خارابىلىكى، قۇرۇقتاغ قىياتاش رەسىملىرى، قارا چۆگۈن قەدىمكى شەھىرى خارابىلىكى، شەھەردۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، پىچان شەھىرى خارابىلىكى قاتارلىقلار بار. بۇ يادىكارلىقلار مۇۋاپىق باشقۇرۇلمىغانلىقتىن، كۆپ قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى تېزلىتىلدى، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، لوپنۇر ناھىيىسى يەنىلا بىر قەدەر قالاق. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

خەير - خوش، لوپنۇر ھەققىدىكى تېخىمۇ يېڭى خەۋەرلەرنى كېلەر ساندىن كۆرۈڭلار.

www.uyghurkitap.com



# ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت

غەيرەتجان ئوسمان

B . ئەلشىر نەۋائىينىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشتا نېمە بىرىنچى ئۆلچەم قىلىنىدۇ . «تارىخىي رەشىدى» دىكى پاكىتلار ئازلىق قىلامدۇ ـ قانداق ؟

A . دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشتا مىللىي كېلىپ چىقىشى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىنىدۇ . چۈنكى ھەرقانداق جانلىقلارنىڭ تېپى ئۇرۇق ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ . قانداق ئۇرۇق سېلىنغان بولسا ، شۇنداق ھوسۇل چىقىدۇ ، باشقىچە بىر تىپ يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەلشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ ئىكەن ، ئۇنداقتا نەۋائىينىڭ باشقا مىللەتكە تەۋە بولۇشى تارىخىي مەنتىقىگە ماس كەلمەيدۇ . ئۇنداق بىمۇناسىپلىقتىن دۇنيادا يەنە بىرى تەكرارلىنىپ قالماس ، مىللىي كېلىپ چىقىشتا ئىجتىمائىي مۇھىت ، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك ۋە تىل پەرقى دېگەنلەر قوشۇمچە ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پەرقلەندۈرۈش ئامىلى . بىر ئادەم باشقا بىر مىللەت ئىجتىمائىي مۇھىتىدا تۇغۇلۇشى ، شۇ مىللەتنىڭ ياكى يەنە باشقا بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى ، باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەپ ، ئىجاد قىلىشى مۇمكىن . شۇنداقلا بۇ نامەلۇم ئادەم ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ، تارىخىنى ، مەدەنىيىتىنى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن مەزكۇر ئادەمنى باشقا مىللەتكە تەئەللۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ئاپىرىدە بولغان مىللەتكە تەۋە بولىدۇ . ھازىر ، بەزىلەر ، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ، يەنە بەزىلەر ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي ئۆزلۈك ۋە خاسلىق ئالامەتلىرى ئارقىلىق نەۋائىنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشقا تۇتۇنۇپ كۆرمەكتە . ئەل فارابى ، مەھمۇد كاشغەرىلەر ئەرەب تىلىدا ، گۈەن يۈنشى ، سادۇللا قاتارلىقلار خەنزۇ تىلىدا ، سۇلتان مالىك كاشغەرى ، مىرزا ھەيدەرلەر پارس تىلىدا مۇرات ھەمىرا- يىڭۋ روس تىلىدا ئەسەر يازغان ، تىلنى ئادەملەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى قىلىنىدىغان بولسا ، بۇ ئالىم ـ مۇئەللىپلەرنى قانداقمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گېگانتلىرى دېگىلى بولىدۇ . ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مىللىي خاسلىق بويىچە تەۋەلىكىنى ئايرىدىغان ئىش بولىدىغان بولسا ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ پىرسۇناژ ، ۋەقەلىكلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرگە تالىق بولۇپ ، بۇ داستاننىڭ ئۇيغۇرلارغا ئالاقىسى بولمايدۇ . ئۇنداقتا . نەۋائىي ئەرەبلەر ئۇچۈن ئەسەر يېزىپ بەرگەن بولىدۇ . ئەنگلىيە يازغۇچىسى شېكىسپېرنىڭ ئەسەرلىرىدە دانىيە ، ئىتالىيە خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ، ۋاڭ يۈخۇ ، ۋاڭ مىڭ ئەسەرلىرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بۇ خىل ئەھۋالغا قاراپ شېكىسپېرنى ئەنگلىيە ئېنگلىز ئەدەبىيات ساھەسىدىن ، ۋاڭ يۈخۇ ، ۋاڭ مىڭلارنى خەنزۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىن ئايرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ ، ئۇنداقتا ، بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، ھەرقانداق بىر ئادەم قانداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆسمىسۇن ، قانداق تىلنى قوللانمىسۇن ، قانداق ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۈرمىسۇن ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەۋەللۇت قىلغان مىللەتنىڭ بالىسى ، بۇ بىرىنچى ، ھەممە ئورتاق چۈشىنىدىغان ۋە ئاسان قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئۆلچەم . بۇنىڭدىن قىيىپ كېتىلسە ، ئۆلچەملەر كۆپىيىپ كېتىدۇ ، زىددىيەتنىڭ ئاساسى تەرىپى بىلەن ئاساسى بولمىغان تەرىپى ئارىلىشىپ كېتىپ ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى تۇتتۇۋېلىنمايدۇ . تۇتەك ئىچىدە گاڭگىراپ قىلىنىپ ، توغرا يولغا چىققىلى ، ئىلمىي ، دورۇس يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . ئۇنىمۇ ئۆلچەم قىلماي ، بۇنىمۇ ئۆلچەم قىلماي ، ھەممە ئادەم ئۆزى بىلگەن مۇقامنى توۋلاۋەرسە ، بۇ ئىلىم

- پەن ھەققىدىكى مۇھاكىمە بولماي ، چارۋا مال
بازىرىدىكى بىدىكلەر بىلەن ساتارمەنلەرنىڭ ھايۋان-
لارنى سېتىشىدەك ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ . ئۇ مال-
نى كىم كۆپ پۇل ساناپ سېتىۋالسا شۇنىڭ بولى-
دىغان ، پۇلى ئازلارتىرىنقىنى چىشلەپ قالىدىغان
ئەھۋال يۈز بېرىپ ، ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ماتېرىيا-
لىزملىق تارىخ قارشى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ .

«تارىخىي رەشىدى» دىكى ئەلشىر نەۋائىنىڭ
مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئېيتىلغان بايانلار ئاز
بولسىمۇ ، ئەمما ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر ، يېتەرلىك
بايانلار بولۇپ ، قەدىمكى زامان ئالىملىرىنىڭ ھا-
يات پائالىيىتىگە دائىر تارىخىي پاكىتلارغا سېلىش-
تۇرغاندا ئاددى كېلىپ قالىدىغان پاكىتلار ئەمەس .
ئۇ زاماندا ، ھازىرقىغا ئوخشاش ئانكېت تارقىتىپ
تەرجىمھالىنى تولدۇرىدىغان ياكى ئىش پائالىيەتلى-
رىنى تەپسىلى يېزىپ ئېلان قىلىدىغان ئەھۋاللار
يوق . بولۇپمۇ ، تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن
ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى بەك كەمتەر ، ئۆزىنى
كۆرسىتىشنى ، نامنى كۆز - كۆز قىلىشنى خا-
لىمىغان . ھەتتا ئىسىم فامىلىسىنىمۇ ئېنىق دېمەي ،
تەخەللۇسىنىلا قالدۇرغان . زامانداشلىرى ۋە كې-
يىنكىلەر كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، ئەشۇ
بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا
ناھايىتى قىسقا ، ئەمما تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي
پاكىتلارنى قالدۇرغان . نەۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلى-
كى توغرىسىدا «تارىخىي رەشىدى» دە قالدۇرۇل-
غان پاكىتلاردىن ئارتۇق بىر نەرسە تەلەپ قىلىش ،
ئوشۇقچە زورۇقۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . قالغان
پاكىتلارنى قەدىمكى دەۋردە ئۆتكەن باشقا ئاپتورلار-
نىڭ بايانلىرى ئارقىلىق تولۇقلاپ كەتكىلى بولى-
دۇ . ئەمما بۇنداق بايانلار چوقۇم قەدىمكى زامان
ئاپتورلىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇشى ، ياسال-
غان تارىخ بولماسلىقى ، كېيىنكىلەرنىڭ پەرەز ئا-
ساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ساختا نەزەرىيىسى تېخىمۇ
بولماسلىقى كېرەك . شۇنداق قىلىنغاندىلا ھەقىقە-
تەن ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكىنى خىرەلەشتۈرمەيدۇ .

B . نەۋائىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شا-
ئىرى دېگەندە ، ئۇنى پۈتۈن تۈركىي مەدەنىيەت
سەھنىسىدە جەۋلان قىلدۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئىززەت
ئابرويىنى تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلغىلى
بولاتتى . مۇبادا مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە دېيىلسە
بىرلا مىللەت دائىرىسى بىلەن چەكلەپ قويغانلىق
بولمامدۇ .

A . بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇرراق
مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ . مەيلى ئاددىي
كىشىلەر بولسۇن ، مەيلى ئۇلۇغ ئەربابلار بولسۇن ،
ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت
دائىرىسىدە ئۆز ئىناۋىتىنى تىكلىگەن بولىدۇ ، ئۆز
رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . نەۋائىي ياشىغان زامان-
دىلا تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر بىر
قانچە مىللەت بولۇپ تارىخ سەھنىسىدە پائالىيەت
قىلىپ تۇرغان . شۇڭا ئەشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئا-
سىيا تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەرنى
«تۈرك» دېگەن - بىر مىللىي نام بىلەن ئاتاش ،
بۈگۈنكى رېئاللىق قوبۇل قىلالمايدىغان بىر خىل
ئۇقۇم . بۈگۈنكى دۇنيادا «تۈرك» دېگەن چوڭ بىر
مىللەت تونۇپ ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىكەن ، ئەشۇ
دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەلۇم بىر ئالىمنى
«تۈرك شائىرى» دېيىش تارىخىي ، مىللىي تەۋە-
لىك مۇجمەللىكىدىن باشقا لوگىكىلىق مۇجمەل-
لىككە ئېلىپ بارىدۇ . «تۈركىي شائىر» دېگەن بۇ
ئۇقۇمنى لوگىكىلىق فورمۇلا بويىچە چۈشەندۈرۈپ
ئۆتسەك . «تۈرك» مەزمۇن خاراكتېرىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا توپلام ئۇقۇم ، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن تىل
ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان . مەلۇمكى ، توپلام ئۇقۇم شەيئىلەرنىڭ توپىنى
بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇ-
قۇمغا قارىتىپ ئېيتىلغان . «تۈرك» دىن ئىبارەت
بۇ توپلام ئۇقۇم ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تاتار ، قازاق ،
تۈركمەن ، ئەزەربەيجان دېگەندەك بىرقاتار غەيرى
توپلام ئۇقۇملاردىن تەركىب تاپقان . ئۇيغۇر ، ئۆز-
بېك ، تاتار . . . دېگەنگە ئوخشاش 30 دىن ئارتۇق
تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان مىللەتلەر-
نى ئايرىم - ئايرىم مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلغان
ئىكەنمىز ، بىر پۈتۈن «تۈرك مىللىتى» دېگەن
ئۇقۇممۇ ئېتىراپ قىلىنسا ، ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تا-
تار قاتارلىق 30 نەچچە مىللەتمۇ ئېتىراپ قىلىن-
سا ، ئۇنداقتا بۇ تەستىقى ئۇقۇم بولماي ، مەنپى
(ئىنكار ) ئۇقۇم بولۇپ قالىدۇ . بۇ ئۇقۇملارنى
ئېنىق تەبىر بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس .
«تۈرك» توپلام ئۇقۇم بولغان ئىكەن «تۈركىي
شائىر» ياكى (تۈرك شائىرى ) مۇ توپلام ئۇقۇم
كاتېگورىيىسى بويىچە چۈشەندۈرۈلۈشنى تەلەپ قى-
لىدۇ . ۋاھالەنكى ، «تۈركىي مىللەت (ياكى تۈرك
مىللىتى )» ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىكەن ، «تۈر-
كىي شائىر» (ياكى تۈرك شائىرى ) دېگەن ئۇقۇم

تەستىقى ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ . شۇنداقلا ئۇنىڭغا توغرا ئېنىقلىما بەرگىلى بولمايدۇ . مەنتىقە ئىلمىدە بىر ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىكەن ، چوقۇم ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇنداق ئېنىقلىما سۆزسىزكى ماس بولۇشى ، ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى ئېنىقلانغۇچىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق هالدا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماسلىقى ، ئومۇمەن تەستىق جۈملە ۋە مۇسبەت ئۇقۇملار ئىشلىتىلىشى ، ئېنىقلىما ئېنىق ، توغرا بولۇشى كېرەك .① دېگەن تەلەپ بار . شۇنداق ئىكەن ، نەۋائىي ياكى تۈركىي شائىر بولۇشى ياكى ئۇيغۇر شائىرى ياكى ئۆزبېك شائىرى بولۇشى كېرەك . ئۈچ كاتېگورىيىگە تەڭ تەۋە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

تارىختىكى بىر شەخس ئۇلۇغ بولسا ، ئۇنى بىر تىل ئائىلىسىدىكى باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق قىلىش دۇنيا تارىخىدا مەۋجۇت بولمىغان بىر خىل قائىدە . مۇبادا شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئوسمانلى تۈرك شائىرى شەيخئوغلى مۇستافا (1340 ـ 1401 ) ، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1209 ) ، تۈركمەن شائىرى مەختۇمقۇلى ، قازاق شائىرى ئاباي (1845 ـ 1904 ) ، مۇختار ئەۋىزوۋ ، ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبېكنى بارچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بولۇۋېرىدىغان ؛ ئىتالىيان يازغۇچىسى دانتى (1265 ـ 1321 ) ، ئاستورونوم گالىلى (1564 ـ 1642 ) ، ئېنگلىز شائىر شىكىسپىر ، نېمىس مۇتەپەككۇرى گېگېل ، شائىرى گىيوتى ، ئىسپان يازغۇچىسى سىرۋاننىس قاتارلىقلارنى بارچە هىندى ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە ئورتاق ئەربابلار بولۇشقا تېگىشلىك دەپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ ، مەلۇمكى بۇنداق بولۇش تارىخي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس .

«نەۋائىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى» دېيىلسە ئۇ بىر تەپەككۇر ئۇقۇمى ياكى هۆكۈم بولىدۇ . بۇنى چوقۇم تەستىقى جۈملە ئارقىلىق ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ماهىيەتلىك ئالاهىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى شەرت بولىدۇ . «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى» دېگەن بۇ ئۇقۇم قارىماققا خاتا ئەمەس② ئەمما جۈملىدىكى هەر بىر سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم تەكشۈرۈپ كۆرگەندە بۇ جۈملە تارىخي مەنتىقسىزلىق بىلەن تولغان . يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بىرىنچىدىن ، «تۈركىي خەلقلەر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرا ئېنىقلىمىغا ئىگە ئەمەس . بۇ «تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە خەلقلەر» دەپ ئېلىنىسا ئاندىن ئۇ ئىپادە قىلغان ئۇقۇمغا توغرا تەبىر بەرگىلى بولىدۇ . «تۈركىي خەلقلەر» دەپ بىر تۈرگە ئايرىلسا ، ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تاتار ، قازاق ، قىرغىز . . . دەپ بىر تۈرگە ئايرىلسا ، بۇ لوگىكىلىق تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمىگە چۈشمىگەن بىر خىل تۈر بولىدۇ . «ئۇيغۇر مىللىتى» نى تۈرگە ئايرىساق مۇنداق تۈركىلىپ چىقىدۇ .

دۇنيادىكى مىللەتلەر

↓

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر

↓

تۈركىي تىللار ئائىلىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر

↓

ئۇيغۇر مىللىتى (ياكى ئۆزبېك ، قازاق مىللىتى ۋە باشقىلار )②

يۇقىرىدىكى بۆلۈش ئۇسۇلىدا «تۈركىي خەلقلەر» (تۈركىي مىللەتلەر ) دېگەن تۈر يوق . ئەگەر بار دېيىلسە ، بۇ يەردىكى «تۈركىي خەلق» ، «تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر» نى كۆرسىتىشى مۇمكىن . ۋاهالەنكى ، «تۈركىي خەلق» بىلەن «تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەر» نىڭ ئوتتۇرىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇپ چۈشەندۈرۈش تارىخ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ئىككىنچىدىن ، بىر تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ مەلۇم بىر مىللەتتىن چىققان مەلۇم بىر ئۇلۇغ ئەربابنى شۇ تىل ئائىلىسىگە تەۋە بارچە مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى دەپ بىلىدىغان قائىدە مەيلى تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ، مەيلى باشقا خەلقلەر تارىخىدا ئومۇمىي هادىسە ئەمەس ؛ ئۈچىنچىدىن ، مەلۇم بىر ئۇلۇغ ئەرباب ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتكە مەنسۇپ بولسا ئىززەت ـ ئابرۇيى تۆۋەن بولىدىغان ، بىر تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرگە

---

① «ئومۇمىي لوگىكا» (رازاق مەتنىياز باش مۇهەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1996 ـ يىلى نەشرى . 63 ـ 83 ـ بەتلەر .

② بۇ هەقتە «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «تىل ـ يېزىق» قىسمى (1988 ـ يىلى ، بېيجىڭ ـ شاڭخەي ، خەنزۇچە نەشرى ) ۋە ئامېرىكىلىق كىننىت كازنىرنىڭ «دۇنيادىكى تىللار» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارغا قارالسۇن .

تەۋە بولسا، نامى - شۆھرىتى يۇقىرى بولىدۇ دېگەن قاراش يەنى «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى» دېيىش پەلسەپىۋى تەپەككۇر كاتېگورىيىلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر خىل قاراش. «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىلسە» دېگەن قاراشنى سەۋەب دەپ چۈشەنگەندە، «ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ» دېگەن نەتىجە بولۇشى كېرەك. مەلۇمكى، سەۋەب بىلەن نەتىجە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى (سەۋەبىيەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئېچىپ بېرىدىغان بىر جۈپ مۇھىم پەلسەپە كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي باغلىنىشى ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى. سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ ۋە بىر - بىرىگە ئايلىنىدۇ. سەۋەب بىلەن نەتىجە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. دۇنيادا سەۋەبسىز نەتىجە بولمايدۇ، نەتىجىسىز سەۋەبمۇ بولمايدۇ. سەۋەب نەتىجىنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجە مۇئەييەن شارائىتتا يەنە سەۋەبكە ئايلىنىدۇ. ئەينى بىر ھادىسە بىر خىل مۇناسىۋەتتە سەۋەب بولغان بولسا، ئىككىنچى خىل مۇناسىۋەتتە يەنە نەتىجە بولىدۇ.① ئېنگېلس، سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «سەۋەب بىلەن نەتىجە دائىم ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ؛ بۇ چاغدا ياكى بۇ جايدا نەتىجە بولغىنى ئىككىنچى بىر چاغدا ياكى ئىككىنچى بىر جايدا سەۋەب بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولۇۋېرىدۇ»② دېمەك. «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىلسە ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم توغرا قاراش بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىلمىسە، ئۇنىڭ نامى ئۇلۇغ بولمايدۇ» دېگەن قاراشمۇ توغرا بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە مۇبادا ئۇنى خاتا دېسەك، سۆزسىزكى، ئالدىنقى ھۆكۈممۇ خاتا ھۆكۈم بولىدۇ. «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىلسە ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ» دېگەن بۇ قاراشتا ئۇقۇم ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن، سەۋەب دېگەن سەۋەبلا بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا نەتىجە بولالمايدۇ، دەيدىغان، ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە نەتىجە دېگەن نەتىجىلا بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا نەتىجە بولالمايدۇ دەيدىغان بىر خىل نۇقتىنەزەردە تۇرۇپ ئېيتىلغان گەپ بولۇپ، ئۇنى مىتافىزىكىلىق قاراش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئەربابلار ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا ئاندىن ئۇلۇغلۇق سەھنىسىگە چىققان. كىچىكرەك، قالاقراق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇلۇغ ئەربابلار يېتىشىپ چىقىپ، يالغۇز ئۆزىنىلا دۇنيا سەھنىسىدە نامايىش قىلىپ قالماستىن، بەلكى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىمۇ ئەنە شۇ سەھنىدىكى شانۇ - شۆھرەتتىن تەڭ بەھرىمەن قىلدۇرىدىغانلارمۇ بولغان. مەسىلەن، چىڭگىز ئايتماتوۋ ئۆزى بىلەن بىللە قىرغىز مىللىتىنىمۇ جاھان ئەھلىگە تونۇتتى. ئۇ تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى شەخسىي ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازاندى. مۇتەپەككۇر لۇشۈن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر، جەڭگىۋار ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزى ۋە ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا كاتتا ھەسسە قوشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىدى. بۇنداق مىساللار سان - ساناقسىز.

B. شىنجاڭدا تېخىچە نەۋائىينىڭ بىرەر ھەيكىلى تىكلەنمىدى، بىرەر كوچا، يول، مەكتەپ، كۇلۇب، كۇتۇپخانا، مۇزېيلارغا نەۋائىينىڭ نامى بېرىلمىدى. نەۋائىيغا دائىر خاتىرە ئابىدىسى تۇرغۇزۇلمىدى، ۋاھالەنكى ئۆزبېكىستاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلاندى. بۇ نەۋائىيغا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىگىدارچىلىق قىلالمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزبېكىستاندا بۇ خىل ئىگىدارچىلىق ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ قانداق.

A. ئۇلۇغ زاتلار، گىگانت ئەزىمەتلەر ئۈچۈن ھەيكەل تۇرغۇزۇش، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن مۇھىم ئورۇنلارغا نام بېرىش يېقىنقى زامان مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ياپونىيە توكيو دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ مەركىزى

---

① «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» (1)، 345 - 346 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

② ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1972 - يىلى، 37 - بەت.

www.uyghurkitap.com



كىرىش زالىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدا شىلـ
لىر بىلەن گىيۇتىنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان .
غەربىي ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئەللەردە دۇنيانىڭ
جاي ـ جايلىرىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەيـ
كەللىرى تىكلەنگەن . ھەتتا لوندوندا ئەينى زاماندا
ئەنگلىيە ئەجنەبىلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئەپيۇن ئېلىپ
كىرىشىگە قارشى كۆكرەك كىرىپ كۈرەش قىلـ
غان ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەنگلىيىلىكلەرـ
نىڭ رەقىبى بولغان لىن زېشۈينىڭ ھەيكىلىمۇ
تۇرغۇزۇلغان . ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ، سىـ
تالىنلارنىڭ ھەيكەللىرىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى
سوتسىيالىستىك ئەللەر كۆپلەپ تۇرغۇزدى ، نۇرـ
غۇن مۇھىم ئورۇنلارغا ئۇلارنىڭ نامىنى بېرىشتى .
باشقىنى قويۇپ تۇرايلى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستاننى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە
گوركىي ، پوشكىنلارنىڭ ھەيكەللىرى كۆپ تۇرغۇـ
زۇلغان ، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ
جاي ، ئورۇنلار كۆپ بولغان . ئۆزبېكىستان قاتارـ
لىق جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ،
ھەتتا ئۆز تۇپرىقىدىكى ماركس ، ئېنگېلس ، لېـ
نىن ، ستالىنلارنىڭ ھەيكەللىرىنىمۇ چىقىۋېتىشـ
تى ، ئۇلارنىڭ نامى بېرىلگەن ئورۇنلارنىڭ نامىنى
ئۆزگەرتىشتى . دېمەك ، ئۇلۇغ زاتلار ، مەشھۇر
كىشىلەر ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە
ھەيكەللەر تۇرغۇزۇش ، خاتىرە ئابىدىسى تىكلەش ،
ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئورۇن ـ جايلارنى ئاتاش
نورمال ھادىسە ، ۋاھالەنكى ، كىم ئۆز تۇپرىقىغا
بىراۋنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇۋالسا ، ئۇنىڭ نامىنى
ئۆز ئېلىدىكى بىر ئورۇنغا قويۇۋالسا ، شۇ ئادەم
شۇ ئەلگە تەۋە بولىدىغان ، شۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىـ
قىغا ئۆتكەن بولىدۇ ، دەيدىغان قائىدە بارلىققا كەلـ
گەن ئەمەس . لۇشۈننىڭ ھەيكىلىنىڭ ياپونىيىدە
ئىكەنلىكىگە قاراپ ، لۇشۈننى ياپونىيىلىك ياكى
ياپون دېگىلى ، جۇئېنلەينىڭ ھەيكىلىنىڭ چاۋشـ
يەندە تۇرغۇزۇلغانلىقىغا قاراپ ، جۇئېنلەينى
چاۋشيەنلىك دېگىلى بولامدۇ . يېقىنقى 100 يىل
مابەينىدە ئۆزبېكىستاندا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەيـ
كىلى تىكلەندى ، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ نامى بىـ
لەن ئورۇن ـ جايلارغا نام بېرىلدى . ئەمما مۇقىمـ
لاشقانلىرى يوق دېيەرلىك . نەۋائىينىڭ ھەيكىلىنى
تۇرغۇزۇش ، مۇبارەك نامى بىلەن ئورۇن ـ جايلارـ
نى ئاتاش ئومۇميۈزلۈك ھالدا 1990 ـ يىللاردىن
كېيىن باشلانغان بىر خىل قىزغىنلىق . بۇ تارىخ

ۋە دەۋرنىڭ سىناقلىرىغا قانچىلىك بەرداشلىق بېـ
رىدۇ ، بۇنىڭغا ئالدىن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ .
شىنجاڭدا ئۇلۇغ زاتلار ، مەشھۇر ئەربابلارنىڭ
ھەيكەللىرىنى تىكلەش ئومۇملىشىش خاراكتېرىگە
ئىگە ئەمەس . ئىلگىرى ماركس ، ئېنگېلس ، لېـ
نىن ، ستالىن ، ماۋ زېدۇڭلارنىڭ ھەيكەللىرى
كۆپ تىكلەنگەن . ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن رەئىس ماۋزېـ
دۇڭنىڭ ھەيكەللىرىدىن ئازراق ساقلاپ قويۇلدى .
ھەرقايسى شەھەر مەركەزلىرىگە ئوخشىمىغان ئاـ
دەملەر (مەسىلەن ، خوتەندە دېھقان ھەيكىلى ، كىـ
رىيىدە ماۋ زېدۇڭ بىلەن قۇربان تۇلۇمنىڭ ھەيكىـ
لى ، قومۇلدا قۇغۇنچى قىز ھەيكىلى ، ئۈرۈمچىدە
لىن زېشۈينىڭ ھەيكىلى قاتارلىقلار ) نىڭ ھەيكەلـ
لىرى تۇرغۇزۇلدى . ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى
سىمالاردىن قەشقەر ئوپالدا «مەھمۇد كاشغەرى
ھەيكىلى» ، يەكەندە «مۇقامشۇناس خانىش ئامانىسـ
ساخان ھەيكىلى» قاتارلىقلارمۇ تۇرغۇزۇلدى .
مەھمۇد كاشغەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، موللا
شاكىر ، تەجەللى ، سادىر پالۋان ، ئابدۇخالىق ئۇيـ
غۇر ، ل . مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ مەقبەرە ـ
قەبرىلىرى دۆلەت مەبلىغى ۋە بەزىلىرى خەلق مەبـ
لىغى بىلەن قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ ، يېڭى
ئۇسلۇبتا كۆركەم قىلىپ ياسالدى . بۇلارنىڭ ھەمـ
مىسى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئىشلەنگەن ئىشـ
لار بولۇپ ، بۇ خىل خىزمەت بۇنىڭدىن كېيىن
يەنىمۇ كۆپ ئىشلىنىدۇ . ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ
ھەيكىلىمۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بىر يېرىدە
قەد كۆتۈرىدۇ . نەۋائىينىڭ مۇبارەك نامى بۇ خاسىـ
يەتلىك ئورۇنغا قويۇلىدۇ . ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ئاـ
ۋات كوچىسى ـ غالىبىيەت كوچىسىدا 1990 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «نەۋائىي كىتابخانىسى»
دېگەن چىرايلىق ۋىۋىسكىنى ئاسقان بىر كىتابخانىـ
نىڭ دۇنياغا كېلىپ ، ئوقۇرمەنلەرنى بارغانسېرى
ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ ، جەمئىيەتتە ياخشى ئىنكاس
پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە كۆپلىگەن كىشىـ
لەر ھاياجانلانماي قالمايدۇ . مانا بۇ بىر باشلىـ
نىش .
بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا نەۋائىينىڭ بىرەر
ھەيكىلى تىكلەنمىگەن بىلەن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
قەلبىدە نەۋائىينىڭ مەڭگۈ يىقىلماس كۆركەم ھەيـ
كىلى ئاللىبۇرۇن تىكلىنىپ بولۇنغانلىقىنى ، بىـ
رەر ئورۇن ـ جايغا ( «نەۋائىي كىتابخانىسى» بار

ئەلۋەتتە) نەۋائىينىڭ نامى بىرىلمىگىنى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ گۈزەل جايلار، ئەڭ ھەشەمەتلىك ئورۇنلار نەۋائىينىڭ نامىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش تەس. بۇ خىل قەلب تۆرىدىن ئورۇنلىشىش ھادىسى ئاللىبۇرۇن چەت ئەل ئالىملىرىنى ھەيرانۇ - ھەس قىلىپ، ئۇيغا چۆمدۇرگەن. مەسىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرگەن قازاق ئوفىتسېرى ۋە ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋائىينى ئاجايىپ ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك شائىرى دەپ ھېسابلايدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرغان. ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەلشىر نەۋائىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئىكەن. توي - تۆكۈن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلىرىدە ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئوقۇلۇپ تۇرىدىكەن.»[1]

شۇنىڭ بىلەن چوقان ۋەلىخانوۋ يەنە شىنجاڭدا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ 16 -، 18 -، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس بولغان تۈرلۈك تۈمەن قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۆز ئەسىرىدە گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتكەن.[2]

روس ئالىملىرىدىن س. ئى. مالوۋ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەۋائىينى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ توغرىلىق چوڭقۇر تەسىرات ئىچىدە مۇنداق يازىدۇ: «نەۋائىي بۇ يەردىكى كىتابخانلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن. بۇنىڭغا بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خىلمۇ - خىل قولىيازمىلىرى ئۇچۇق مىسال بولىدۇ. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدىن بىرى بولغان لوپنوردا نەۋائىي شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، دىكلىماتسىيە ئۈچۈن تەييارلىنىدىكەن. نەۋائىي داستانلىرىنىڭ سيۇژېتلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چۆچەك، ھېكايە قىلىنىپ ئېيتىلىدىكەن. بۇ توغرىلىق بىزگە مەركىزى ئاسىيانى كۆپ قېتىم ساياھەت قىلغان شۋېتسىيە ئالىمى سۋېن ھېدىن مەلۇمات بېرىدۇ»[3]

دېمەك، بەش ئەسىردىن بۇيان، نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان، خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى ھەمرايېف ئۆزىنىڭ «ئەلشىر نەۋائىي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالىسىدا ئېيتقاندەك: «باشقا بارچە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا، ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ تونۇش ۋە ئەڭ يېقىندۇر.»[4]

ئومۇمەن، نەۋائىي ھەيكىلى كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شىنجاڭدا مەڭگۈ يىقىلماس قىلىپ تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ئاجايىپ بىر ئۇلۇغ يەرگە ئەبەدى ئۆچمەس قىلىپ قويۇلىدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، بارچە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئارزۇسى تولۇق قاندۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۆتكەن بارلىق مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئىلمىي، دۇرۇس قىلىپ قايتىدىن يېزىپ چىقىدۇ.

B. «ئۆمۈر داستانى»، «دۇنيادىكى مىللەتلەر» دە، «ئەلشىر نەۋائىي» ئۆزبېك دەپ يېزىلىدى، بۇلارغا قانداق قارايسىز.

A. مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشر قىلغان «ئۆمۈر داستانى» 1 - قىسىم «زۇلۇم زىندانلىرىدا» نىڭ 453 - بېتىدە مۇنداق جۈملە بار. «ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىللىرىدە ئۆزبېكلەردىن مەشھۇر ئالىملار مەيدانغا چىققان. مەسىلەن، فارابى، نەۋائىي، ئۇلۇغبېك، بابىر قاتارلىق ئالىملار يالغۇز ئۆزبېك ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا تۈركىي

---

④ ك. ھەسەنوۋ. س. موللا ۋۇدوۋ (قازاقىستان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 143 - بەت، ئالماتا، 1981 - يىل «مەكتەپ» نەشرىياتى.

① «چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 108 -، 112 - بەتلەر، ئالماتا، 1956 - يىلى قازاقچە نەشرى.

② س. ئى. مالوۋ (روسىيە) «مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىياتىدا ئەلشىر نەۋائىي» 480 - بەت، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (غ. سەدۋاققاسوۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ئالماتا، پەن نەشرىياتى، 1983 - يىلى، 62 -، 63 - بەتلەر.

③ «شەرق يۇلتۇزى» ژورنىلى، تاشكەنت، 1986 - يىلى 2 - سان، ئۆزبېكچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ، يېقىن شەرق ئارىسىدا
ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتە چوڭ رول ئوينىغان
كىشىلەر »
سەيپىدىن ئەپەندى ئۇزۇن يىل ش ئۇ ئا ر
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ، بىر مەزگىل ش ئۇ
ئا ر پارتكومىنىڭ 1 ـ سېكرېتارىمۇ بولدى . سىيا-
سىي ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى جەھەتتە
يۇقىرى سەۋىيىلىك زىيالى ۋە سىياسىئون ھېساب-
لىنىدۇ . تارىخ ئىلمىي ئايرىم ئىلىم . ئۇنى كىتاب-
تىن ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا مۇكەممەل ئىگىلەپ
كەتكىلى بولمايدۇ . مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىپ ، ئاندىن تارىخ توغرىسىدا سۆز ئېچىش تارىخ-
شۇناسلىق پېنىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى . سەي-
پىدىن ئەپەندى بۇ يەردە دېگەن گەپلەر ئېھتىمالىم
1935 ـ 1937 ـ يىللىرى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان
چاغلىرىدا سىڭدۈرۈۋالغان غۇۋا تەسىر بولۇشى
مۇمكىن . ۋاھالەنكى ئۇ يىللاردا ئۆزبېكىستان ،
جۈملىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا فارابى ، نەۋا-
ئىي قاتارلىقلارنى ئۆزبېك دەيدىغان قاراش تېخى
رەسمىي بارلىققا كەلمىگەن ياكى ئومۇملاشمىغان .
تېخىمۇ ئوچۇقراقراق ئېيتساق 1950 ـ يىللاردىن
كېيىن ئۆزبېكىستاندا فارابى ، نەۋائىيلارنى ئۆزبېك
دېيىش ساداسى ئومۇميۈزلۈك كۆتۈرۈلگەندىن كې-
يىن ، سەيپىدىن ئەپەندى شۇ توغرىلىق سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆپ كۆرۈپ
قالغان ، ئاندىن كېيىن ئالغان تەسىرات كەينىگە
ياندۇرۇلۇپ ، 1930 ـ يىللار تەسىراتى دائىرىسىگە
كىرىپ قالغان . 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ شىن-
جاڭدا نەۋائىي توغرىسىدىكى تەتقىقات توختىماي ئې-
لىپ بېرىلىپ ھەم «تارىخىي رەشىدى» دىكى نەۋا-
ئىنىڭ نەسەبىگە دائىر بايانلار ئاشكارا مەتبۇئاتتا
كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
سۆيۈملۈك رەھبىرى سەيپىدىن ئەپەندى كۆرشى
كېرەك ئىدى . ئۆز خەلقىنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ
ھېسابلاپ ، ئۆزبېك خەلقىنىڭ كۆڭلىنى بەك ئاياي-
دىغان سەيپىدىن ئەپەندى شۇنداق يازغان تەقدىردە-
مۇ ، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ياردەم بەر-
گەن ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى ۋە پروزا
ئىجادىيىتى بىلەن تونۇلغان سەمەت دوگايلى ئەپەن-
دى ياكى داڭلىق تەھرىر ئەھمەد پاسار ئەپەندى
قاتارلىقلار بۇ جۈملىنى تارىختا ھۆرمەت قىلغان
ئاساستا ئۆزگەرتىشكە مەسلىھەت بەرگەن بولسا بو-
لاتتى . ھەقىقەتنى تولۇق بىلەلمىگەنلەرنىڭ سەمىگە

ھەقىقەتكە دائىر بايانلارنى سېلىپ قويۇش ئاقىلنىڭ
ئىشى .
«دۇنيادىكى مىللەتلەر» ناملىق كىتاب شىن-
جاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان . بۇ كىتابتىمۇ نەۋا-
ئىنى ئۆزبېك دەپ بايان قىلغان . ئېھتىمال كىتاب
ئاپتورلىرى تارىخىي ماتېرىياللارنى تەپسىلىي كۆ-
رۈپ ، ئىنچىكە تەھلىل قىلمىغاندەك تۇرىدۇ . ياكى
باشقا سەۋەبلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ، مەيلى سەيپە-
دىن ئەپەندى بولسۇن ، مەيلى «دۇنيادىكى مىللەت-
لەر» نىڭ نوپۇزلۇق ئۇيغۇر ئاپتورلىرى بولسۇن
ئۇلار ئۆز كىتابلىرىدا پەقەت شەخسىي قارىشىنىلا
مۇنداقچە بايان قىلىپ ئۆتكەن . ئۇلارنىڭ كىتابلى-
رىدىكى نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدى-
كى بايانلار تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشى-
غا ئۇچرىشى چوقۇم . تارىخ تەتقىقاتى چوڭقۇرلاش-
قانسېرى ھەقىقەتنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى توغرا
ئايرىپ بېرىدۇ . .
ئاخىرىدا ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ نەۋائى-
نىڭ ھاياتى توغرىسىدا دەسلەپ ئېيتقان قارشى
ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتەي . ئۇ «بۇلاق» ژورنى-
لىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ سان (تۇنجى سان )
دا ئېلان قىلغان ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىغا دائىر دەسلەپكى يىرىك ماقالە «ئەدەبىي مى-
راس ۋە ۋەسىقىلىرىمىز» ناملىق ماقالىسىدا «نە-
ۋائىي ئەسلى ‹چاغاتاي ئولۇسى › غا كىرگەن تۈر-
كىي خەلقلىرىدىن ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ئىلى ۋە
يەتتە سۇ بويىدىكى موڭغۇل ـ چاغاتاي قەبىلىلىرى-
دىن تۈركلەشكەن بارلاس ئۇرۇقىدىن ‹نىزامىدىن
ئەلشىر . . . غىياسىدىن بارلاس دېگەن ھەربىي ئا-
دەمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، › دەپ يازغان . شۇ-
نىسى ئېنىقكى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «تا-
رىخىي رەشىدى» دىكى نەۋائىنىڭ نەسەبىي توغرى-
سىدىكى مەلۇماتتىن شىنجاڭدىكى بەزى كىشىلەر
خەۋەرسىز ئىدى . خەۋىرى بارلارنىڭ بەزىلىرى
ئاشكارىلىمىغان ، بەزىلىرى ئېھتىيات قىلغان .
1984 ـ يىلى غەيرەتجان ئوسمان ئالمۇتىدا نەشر
قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»
ناملىق كىتابتىن (بۇ كىتاب 1983 ـ يىلى نەشر
قىلىنغان ) «تارىخىي رەشىدى» دە نەۋائىنىڭ ھې-
راتتا ئۇيغۇر باخشى غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە
تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى باياننى كۆرۈپ ‹تارى-

خىي رەشىدى ، ۋە ئەلشىر نەۋائىي »ناملىق قىسقا
ماقالا يېزىپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ
1984 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلدۇر-
غاندىن كېيىن ، ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان كۆپچىلىك
زىيالىلار بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان
بولدى . جۈملىدىن ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بىرقاد-
چە قېتىم ماقالە يېزىپ ۋە كىتاب يېزىپ ، ئۆزد-
نىڭ 1980 ـ يىلى ئېيتىپ ئۆتكەن قارىشىنىڭ
تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولماي قالغانلىقى توغ-
رىسىدا قايتا ـ قايتا ئىلىم ئەھلىدىن ئۆزرە سو-
راپ ، نەۋائىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا بىر قاتار ئىز-
دىنىش ماقالىلىرى ۋە «نەۋائىي ھەققىدە» ناملىق
كىتابنى يېزىپ چىقتى . مۇئەللىپنىڭ بۇ كىتابى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى
نەشر قىلىندى . ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆز
قاراشتا بۇرۇلۇش ياسىشى ھەقىقى بىر تارىخ ئالى-
مىنىڭ ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ياسىشى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ .

B . ئۆزبېك تەتقىقاتچى قادىر ئەكبەر نەشرگە
تەييارلىغان ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ
يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»
ناملىق كىتابقا نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى دەپ كىر-
گۈزۈلدى . بۇ ھەقتە قانداق قارىشىڭىز بار .

A . ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان ھۆججەتكە
ئاساسلانغاندا ، ھازىر شىنجاڭدا 13 مىللەت بار .
ئۆزبېكلەرمۇ شۇلارنىڭ بىرى . ۋاھالەنكى ، بۈگۈن-
كى كۈندە شىنجاڭدا ئۆزبېك تىلدا مەتبۇئات بولمى-
غانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزبېكلەرگە دائىر ماتېرىياللار-
نىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر (بەزىلىرى خەنزۇ ) تىلىدا
نەشر قىلىنىدۇ . ئومۇمەن ، شىنجاڭدا ئۆزبېكلەر-
نىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بار .
ئۇلار ئېلىمىزنىڭ سىياسىتىگە مۇخالىپ بولمىغان
ئەسەرلەر يازسا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنى-
لىۋېرىدۇ . «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» ناملىق
كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئە-
مەس . ئەمما ئۆزبېكىستاندا مۇبادا «ئۇيغۇر ئەدىب-
لىرى» دېگەن بىر كىتاب يېزىلىپ ، ئۇنىڭدا نەۋا-
ئىي ئۇيغۇر دېيىلىدىغان بولسا بۇنداق كىتاب ھەر-
گىز نەشر قىلىنمايدۇ ، ھەتتا كىتابخانىلاردىن يى-
غىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىشى مۇمكىن . بۇنىڭدىن
باشقا ئۇ يەردە نەۋائىنى ئۇيغۇر دەپ قويغان ئادەممۇ
قېيىن كۈنگە قالىدۇ ، ئېغىر پىشكەللىككە يولۇقۇ-
دۇ . ئىلىم ساھەسىدە ، نەۋائىنى ئۆزبېك دېمىگەن-
لەرگە ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ ، ئۆستۈرۈلمەيدۇ .
1990 ـ يىللاردا تاشكەنتتىكى بىر ئۇيغۇر ۋەتەن-
داش ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ ، بىر پەدە ئۇيغۇر
مۇزىكىسىنى چالدۇرغانغا قوشنا ئۆزبېك يىگىتلە-
رى تەلۋىلەرچە ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، سازەن-
دىلەرنىڭ سازلىرىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ ، سازەندى-
لەرنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋەتكەنلىكى
دۇنيادىكى ئەڭ قالاق ، ئەڭ ئىپتىدائىي مىللەتلەر-
دىمۇ ، بۈگۈنكىدەك مەدەنىي دۇنيادا كۆرۈلمەسلى-
كى مۇمكىن بولغان ھادىسىدۇر . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
قەلبى دېڭىزدەك كەڭ ، مىجەز جەھەتتە تەمكىن ،
مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئەتراپلىق ئويلايدىغان بول-
غاچقا ، بىرمۇ ئۇيغۇر زاتى شىنجاڭدىكى شىنخۇا
كىتابخانىلىرىغا كىرىپ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلى-
رى» ناملىق كىتابنى سىزىۋەتمىدى ، بىرمۇ ئۇيغۇر
زىيالىيسى ياكى كادىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بۇ
كىتاب ھەققىدە ئىنكاس قىلمىدى ، ياكى قارشى
پىكىردىكى ئەسەر ئېلان قىلمىدى . ئۇ كىتاب شىن-
خۇا كىتابخانىلىرىدا ئون يىلغىچە بىخارامان تۇ-
رۇپ ، ئاز ـ ئازدىن سېتىلىپ تۈگىدى . بۇنداق
بولۇشىغا كىتابتا يېزىلغان «ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي
ئۆز دەۋرىگىچە بولغان تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىيا-
تى ، جۈملىدىن ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى قول-
غا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يەكۈنلى-
دى ، ئۆزبېك ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىيا-
تىنى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈر-
دى» دېگەن بايانلار سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇم-
كىن . بۇنداق گەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغىسىنى
قاينىتىۋەتمەيدۇ . چۈنكى كىتابنىڭ نامى «شىنجاڭ
ئۆزبېك ئەدىبلىرى» بولسىمۇ ، يۇقىرىدا نەقىل
ئالغان بىر ئابزاس بايان ئېيتىلغان گەپتىن باشقا ،
نەۋائىنى ئۆزبېك دېگەن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بايان
يوق . شۇنداق بولسىمۇ ، كىتابنىڭ ماۋزۇسىنىڭ
قاراتمىلىق خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ-
غا شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرىلا كىرگۈزۈلۈشى
كېرەك بولامدۇ ، قانداق . نەۋائىي ياشىغان ھىرات
بىلەن شىنجاڭنىڭ قانداق ئالاقىسى بار ، دېگەن
سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ .
«ئۆزبېك ئەدەبىياتى» بىلەن «ئۆزبېكىستان ئۆز-
بېك ئەدەبىياتى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» بىلەن
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ
ئارىسىدا چوقۇم ئېنىق پەرق بار . چۈنكى ئۇقۇملار
ماكان ، زامان كاتېگورىيىلىرى بىلەن بىللە مەۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، مۇبادا مەيلى قايسى مەۋقەدە تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتمەيلى «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» بىلەن «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ئىككى ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ، لوگىكا يەنى بويىچە چۈشەندۈرگەندە «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» توپلام ئۇقۇم ، «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى» غەيرى توپلام ئۇقۇم بولۇپ ، «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇقۇم ، «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى» دېگەن يەككە ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم ئەلۋەتتە . مۇبادا كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالسا ، نەۋائىينى «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇقۇم ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ ، ۋاھالەنكى «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى» ، «ئۆزبېكىستان ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ياكى «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇقۇم (ماۋزۇ) ئاستىدا بايان قىلىش لوگىكىلىق ئىنچىكىسىزلىقتا ئېلىپ بارىدۇ .

B . «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى . چەت ئەل ئەدەبىياتى» تومىغا نەۋائىينىڭ كىرگۈزۈلۈپ قېلىنىشى قانداق ئىش .

A . 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ليۇ كۈيلى قاتارلىق بىرقانچە نەپەر مۇتەخەسسىس ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىياتى ۋە ئەسەرلىرىنى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە كىرگۈزۈش توغرىلىق پىكىر ئېلىنغان . ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تىزىملىكتە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر 5 ـ 6 لا ماددا بار ئىكەن . ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇئاۋىن رەئىس ئىمىنوپ ھامۇد مەسئۇللىقىدا ئابدۇسالام ئابباسوۋ ، ئا . ت . ئۆتكۈر ، ت . ئېلىيوپ ، ئەھمەد زىيائى ، مەمتىمىن يۇسۇپ ، شىرىپىدىن ئۆمەر ، ئابدۇشۇكۇر تۇردى ، ئىبراھىم مۇتىئى ، ئىمىن تۇرسۇن ، رەخمىتوللا جارى ، ئابدۇرېشىت ئىسلام قاتارلىق 10 نەچچە ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسىنى چاقىرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ماددىلارنى مۇزاكىرە قىلغان . يىغىندا ئالدى بىلەن موللا شاكىرنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا نۇقتىلىق مۇزاكىرە بولغان . بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ، «زەپەرنامە» ئۇ چاغدا تېخى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولغاچقا ، خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر موللا شاكىر ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارغا ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرۈش قىلغىلى بولمىغان . چۈنكى 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېلىمىزدە ئىدىيە جەھەتتە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىغا تېخى بىرقانچە يىل بولغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر يەنىلا بىر خىل ئېھتىيات قىلىش ئىچىدە ئۆتەتتى . شۇنىڭ بىلەن موللا شاكىر توغرىسىدا ئايرىم ماددا بېرىلمىگەن .

نەۋائىي مۇزاكىرە قىلىنغان چاغدا ، دەسلەپ مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەس ـ بەستە سۆزلەشكەن . يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى تۇغۇلۇپ قالغان . بەزىلەر ، ھازىر جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بەك نازۇك . (1979 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن دېگەن ۋەھىمە چىقىپ ، ئۇنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەن . يەنى يېڭى ـ يېڭى سۈركۈلىشلەر بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى ) ، ئەگەر نەۋائىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگۈزسەك ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ دەپ ، بۇ بىر ئىلمىي مەسىلىنى ھەددىسە سىياسەت ئۆتقىسىغا كۆتۈرۈۋېلىپ ، مۇتەخەسسىسلەر ۋە رەھبەرلەرگە ۋەھىمەلىك كەيپىيات تۇيغۇسىنى بېرىپ قويغان . يەنە بىر پىكىر ئېقىمدىكىلەر ، ئۆزبېكىستاندا نەۋائىي (يەنە ئەتائى ، سەككاكى ، لۇتفىلارمۇ بار) ھەققىدە تەتقىقات بەك چوڭقۇر بولۇۋاتىدۇ . ئۇلار نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇقى بىلەن ، سۈپەتلىك نەشر قىلدى . دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى . شىنجاڭدا بۇ خىزمەت تېخى ئەمدىلا قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ . ھازىرچە كۈچ سىنىشالمايمىز . ئەڭ ياخشى چارە ، يەنىلا ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ ، تورۇپ تۇرغان تۈزۈك ، دېگەندىن ئىبارەت بولغان . بەزىلەرنىڭ مۇددىئاسى ، سىياسىي مەسىلىمۇ ، ئىلمىي مەسىلىمۇ ، مىللەت ، دۆلەت مەنپەئەتى مەسىلىسىمۇ ئەمەس ، بەلكى شەخسىي مۇناسىۋەت ، كىشىلىك ئابروي مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار بولۇپ قالغاندەك ئىش بولغان . يەنى ئەينى چاغدا تېپىپچان ئېلىيوپ مەخسۇس نەۋائىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىدى . مۇبادا نەۋائىينى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە ت . ئېلىيوپنىڭ يېزىشى ئالدى بىلەن كۈن تەرتىپكە قويۇلاتتى ، ئۇ

نەشرگە تەييارلىغان نەۋائىي غەزەللىرىدىن تاللانمـ
لار «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»
ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ ، شىنجاڭ خەلق نەشـ
رىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .
«غەزەللەر» (نەۋائىينىڭ 100 غەزىلى ) بولسا شىنـ
جاڭ خەلق نەشرىياتىغا 1981 ـ يىلى تاپشۇرۇـ
لۇپ ، 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان . بۇنى ت .
ئېلىيوپ تەييارلىغان . مانا مۇشۇنداق شەخسنىڭ
بىمۇناسىپ رىقابىتى ئاخىرى ئەشۇ قىتىملىق يىـ
غىندا نەۋائىي ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى قويۇپ تۇـ
رۇپ ، كېيىنچە مۇزاكىرە قىلىپ ، كۆز قاراش
جەھەتتە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ، ئاندىن ماتېـ
رىيال يېزىپ تەييارلاپ ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ كەيـ
نىدىن بېيجىڭگە يوللاپ بېرىش لازىم تېپىلىپ ،
شۇ قېتىمقى يىغىن ئاخىرلاشقان .① ئارىدىن بىرەر
ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەشۇ قېتىملىق
مۇھاكىمە يىغىنغا قاتناشقان بەزى ئۇيغۇر زىيالىلـ
رى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك
رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ، كۆپچىلىك بىەن
مۇزاكىرىلەشمەيلا بېيجىڭگە خەت يېزىپ ، نەۋائىي
توغرىسىدىكى ماددىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دائىرىسىدە
بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلغان . جۇڭگو ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىـ
يات تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلار خەتنى كۆرگەنـ
دىن كېيىن ، نەۋائىي ماددىسىنى «چەت ئەل ئەدەـ
بىياتى» تەتقىقات ئىنستىتوتىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن . بۇ
ئىنستىتۇتتىكىلەر «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەـ
سى» دىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ، باشقا دۆلەت ئېنـ
سىكلوپېدىيىلىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇـ
رۇپ ئولتۇرمايلا ، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدـ
يىسى» نىڭ «چەت ئەل ئەدەبىياتى» تومىغا «نەۋاـ
ئىي ئۆزبېك شائىرى» دېگەن كۆز قاراش ئىپادىلەنـ
گەن ماددا كىرگۈزۈلگەن . ئابدۇشۇكۇر تۇردى ئەـ
پەندى يەنە بىر كەسىپداش بىلەن قازاق ئەدەبىياتىـ
دىكى غاجى خۇمار توغرىسىدىكى ماددىنى مۇزاكىرە
قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭ ـ شاڭخەيگە بارغىنىدا نەۋاـ
ئىي توغرىسىدىكى ماددا توغرىسىدا ئىنسىكلوپېدىيە
نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن
سۆزلىشىپ ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئاـ
رىسىدا يەنە باشقا پىكىرنىڭ بارلىقىنى ، «نەۋائىي
ئۆزبېك شائىرى» دەپ كىرگۈزۈلسە ، تارىخىي پاـ
كىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان . نەشـ
رىياتتىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ، شىنجاڭدا نە

ۋائىينىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا ھەقىقەتەن ئۆزگىچە
قاراش بولىدىغان بولسا ، بۇنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە
ئەرزىيدۇ . ئەمما ، ھازىر «جۇڭگو بۈيۈك ئېنـ
سىكلوپېدىيىسى» نىڭ «چەت ئەل ئەدەبىياتى» تومى
نابۇر خەت شەكلى بويىچە تىزىلىپ بولۇندى . بىر
ماددىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كىتابنىڭ بەتـ
لىرىنى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنداق بولغان
تەقدىردە يەنە 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىـ
دۇ . ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتە
قارشى بىردەك بولۇپ ، بىزگە مەخسۇس بىر ئالاقە
يوللاپ بەرسە ، ھەم كىتابنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
كېتىدىغان راسخوتنى كۆتۈرۈپ بەرسە ، «نەۋائىي»
ماددىسىنى «جۇڭگو ئەدەبىياتى» ماددىسىغا يۆتكەپ
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ، ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى بۇ
گەپلەرنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىـ
ۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە يولداشلارغا يەتكۈزگەن . ئۇـ
لار «نەۋائىي» مەسلىسى توغرىسىدا غەيرىي رەسمى
ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن ، بىرى ئىقتىسادىي
مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ ، يەنە بىرى ، زىيالىلار
ئارىسىدىكى كۆز قاراشنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى
بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، (دۆلەتلەر ئارـ
سىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بار ، ئەلۋەتتە ) ، ھازىرچە
تۇرۇپ تۇرۇش ، كېيىن بىر نەرسە دېيىش توغرـ
لىق ئاغزاكى ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ ، «نەۋائىي»
توغرىلىق ماددىنى كىتابتىن يەنە بىر كىتابقا يۆتـ
كەش ئىشى توختاپ قالغان .②

لېكىن ، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»
نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىنىڭ ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تىزىسىنى يېزىشنى تەشكىلـ
لەشكە مەسئۇل بولغان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىـ
نىستىتۇتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كەسىپداشلار ، نەـ
ۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئورنى بار ئىكەنلىكى
توغرىسىدا شىنجاڭدا راستىلا ئىلمىي كۆز قاراشتا
بىرلىككە كېلىنىش بولسا ، ئۇنداقتا «ئۇيغۇر ئەدەـ
بىياتى» ماددىسىنى يازغاندا مۇناسىپ ھالدا بايان
قىلىنىشتا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى
ئېيتقان . شۇنىڭ بىلەن شۇ ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات
ئىنستىتۇتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئابدۇشۇكۇر

---

① ئابدۇشۇكۇر تۇردى ئەسلىمىسى

② ئابدۇشۇكۇر تۇردى ئەسلىمىسى

تۆرى ۋاڭ يىجىلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ماددىسى يېزىلىپ، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1986 ـ يىلى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان:

«شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر (يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن بەزى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تارىختا ئوخشاش بىر فېئوداللىق سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان. ئەدەبىيات جەھەتتە ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا ئۆتۈشۈش بولغان. مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور تەسىرى ۋە گەۋدىلىك ئورنى بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر ھەم تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى بەزى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورتاق ئابىدە بولۇپ قالغان.» نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەم ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىرى بولغان».

بىر خىل نەشرىياتتا چىققان، بىر خىل نام بىلەن نەشر قىلىنغان ئىككى كىتابتا مۇنداق ئىككى خىل مەۋقەدە تۇرۇپ يېزىلغان بايانلارنى كىرگۈزۈپ ئېنسىكلوپېدىيە نەشر قىلىش، يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېنسىكلوپېدىيىسى بولغان «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ ئىناۋىتى 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭدىكى بىرنەچچە ئۇيغۇر زىيالىسىنىڭ ئېلىشماندىچىلىق پەيدا قىلىشى بىلەن تۆۋەنلەپ كېتەي دېگىلى تاس قالغانلىقى تولىمۇ تەئەججۈپلىنەرلىك ئىش. بۇنداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدە ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرۈش، شەخسىي مەنمەنلىكنى چىقىش قىلىش، تارىخىي پاكىتلار بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ئومۇمىي مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلماسلىق قاتارلىق سۇبيېكتىپ خاھىشنىڭ ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن بولدى. بۇ تولىمۇ خىجىل بولىدىغان بىر ھادىسە. بۇ بەزى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئەقلىي ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر بويىچە ئەمەس، بەلكى بىردەملىك ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

B. «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا نەۋائىيغا دائىر بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ غەۋغا چىققان، بۇ راستىمۇ.

A. بۇ ژۇرنال ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن قەرەلسىز چىقىرىلغان بولۇپ، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە ئۈچ سان. خەنزۇچىسىمۇ بىرقانچە سان نەشر قىلىنغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانى، ئۇيغۇرچە شۇ يىللىق 2 ـ سانىدا تۈركىيىلىك قەدىراكىپ تونچۇرنىڭ (خەنزۇچىغا يۈسۈپ ھۈسەيىن، گۈلزار، ئۇيغۇرچىسىغا ئابدۇشۈكۈر تۇردىلا تەرجىمە قىلغان) «ئەلشىر نەۋائىي» ناملىق ماقالىسى بېسىلىپ تەڭلا نەشردىن چىقتى. ماقالىدا نەۋائىي توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن:

«نەۋائىي 1441 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر ئىدى، ئىسمى غىياسىددىن باخشى. ئۇنىڭ بوۋىسى بارلاس بەگلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈرلەڭ (1336 ـ 1405) ھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن».

بۇ ماقالە ئەسلى تۈركىيىدە چىقىدىغان «سېزە» (Size) ناملىق ژورنالنىڭ 1984 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى 116 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بۇ ماقالا بېسىلغان ژورنال تېخى تارقالماي تۇرۇپ، ئايرىم بىرقانچە كىشى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئەرز قىلىپتۇ. شۇنىڭ ژورنالنى ۋاقتىنچە تارقاتماسلىق توغرىلىق يەتكۈزمە يەتكۈزۈلگەن. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، نەۋائىي ئۇيغۇر دېيىلگەندىن ئىبارەت. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى «تارىخىي رەشىد ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەسىرلىكرەك ژورنالدا، شۇ كەمگىچە بىۋاسىتە ھالدا «نەۋائىي ئۇيغۇر» دېگەن قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالا مۇشۇ بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا، ئايرىم كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى دەماللىققا قوبۇل قىلالماي، ساراسىمىغا چۈشۈپ، غەۋغا كۆتۈرمەكچى بولۇشقان. تەشۋىقات بۆلۈمى كېلىش مەنبەسى ۋە بەزى تارىخىي ئەھۋاللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىغاندىن كېيىن ژورنالنى داۋاملىق تارقىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي ئۇيغۇر شائىـ

ىرى ، دېگەن مەزمۇندىكى ماقالىلار شىنجاڭدا تۇسالغۇسىز ئېلان قىلىنىدىغان بولدى .

B . «12 مۇقام» غا دائىر 13 كىتاب نەشر قىلىنغاندا يەنە بىر قېتىم غەۋغا چىقتىغۇ دېيمەن .

A . شۇنداق . ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى «12 مۇقام» نى يەنە بىر قېتىم رەتلەپ ، 13 توم قىلىپ ، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلدۇردى . بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قامۇس نەشرىياتىنىڭ (جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى ) ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم كىتاب نەشر قىلىشى ئىدى . كىتابنىڭ ھەرقايسى تومىدا ، مۇقام تېكىستلىرىدىكى غەزەللەر تارىخقا ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا ئەينەن ساقلاپ قىلىنىپ ، يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرى توغرىسىدا كىتابتا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىلگەن . بۇ تونۇشتۇرۇش ئىچىدە نەۋائىيغا دائىر بايانلارمۇ ئالدىنقى رەتكە تىزىلغان . چۈنكى «12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى نەۋائىي غەزىلى بىلەن باشلىنىدۇ . شۇنداقلا مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ تېكىستلىرى نەۋائىي غەزەللىرى بىلەن بەستىلەنگەن . «12 مۇقام» غا بېغىشلانغان 13 كىتابنىڭ ھەرقايسى توملىرىغا كىرگۈزۈلگەن نەۋائىيغا دائىر بايانلاردا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى .

«نەۋائىي - ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىردۇر . . . نەۋائىيدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر ئۇستازى ساناپ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان . نەۋائىي ئەسەرلىرى تۆت ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىنىڭ مۇھىم ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ‹ئون ئىككى مۇقام› ، نىڭ نۇرغۇن نەغمىلىرى نەۋائىي غەزەللىرى بىلەن جاراڭلايدۇ .»

بۇ كىتاب بېيجىڭدا ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولغاچقا ھەم ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، ئېنگلىز تىللىرىدا بېسىلىپ ، نەچچە ئون مۇتەخەسسىس ، ئالىم ، مۇزىكانت ، يازغۇچى ، تەرجىمان كۆپ يىل ئەجىر قىلىپ ، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەبلىغى سەرپ قىلىنىپ يورۇقلۇققا چىققاچقا ، ئۇيغۇر تارىخىدا شەرەپلىك بىر ئىش بولۇشى ، ھەممە ئادەم خۇشاللىنىشى كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى بۇ قامۇس بېيجىڭدا تەنتەنىلىك تارقىتىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقان بىر پەيتتە ئۈرۈمچىدىكى بىرقانچە ئۇيغۇر زىيالىسى بىۋاسىتە ھالدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا ئەرز سۇنۇپ ، قامۇستا نەۋائىينى ئۇيغۇر دەپتۇ ، بۇ قانداق گەپ ، دېگەننى ئىنكاس قىلغان . بۇ ۋەقە مەركەزنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىغان . باش شۇجى جياڭ زېمىن دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋنى بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان . مەركىزى كومىتېت بەنگوڭتىڭى كونكرېت مەسئۇل بولۇپ بىر قىسىم رەھبەرلەر ، مۇتەخەسسىسلەر ئورتاق كېڭىشىپ ، قايتا - قايتا پىكىر ئېلىپ ، تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ ، ئاخىرى قامۇسقا يېزىلغان ئەھۋاللار تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلگەن ، قامۇسنى تارقىتىشقا بولىدۇ ، دەپ بېكىتكەن . شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدا قامۇسنى تارقىتىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . كىتابمۇ تارقالدى . باشقا گەپمۇ بولمىدى . ئەمما كىشىلەر شۇنداق بىر ھېكمەتنى بىلىۋالدىكى ، 20 يىل مابەينىدىكى نەۋائىي توغرىسىدىكى بەزى غەۋغالارنى شەخسى ئابرۇي تالىشىۋاتقان قىسمەن ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۆزلىرى پەيدا قىلىپ كەلگەن . ئۇلارنىڭ مەقسىتى ، ھەرقايسى كىتاب ، قامۇسلاردا پەقەت ئۆزىنىڭ ئىسمى يېزىلىشى كېرەك ، ئىدى . باشقىسى بىلەن ھېسابلاشمايتتى .

www.uyghurkitap.com



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە شىنخەي ئىنقىلابى

ئارزىگۈل نىياز، ئىلھام ئۆمەر

شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب. ئۇ چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بەردى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى مىسلىسىز زور بۇرۇلۇش بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئىنقىلابىي روھىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى ۋە يېڭى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. نەتىجىدە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈرۈمچى، ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئىنقىلابنىڭ مۇنداق تەرەققىياتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە يۈكسىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەينى زاماندا ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ يولى ھېسابلانغان سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ھەتتا سۇن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى» ، «ئۈچ مەسلەك» يەنى مىللەت مەسلىكى، خەلق ھوقۇقى مەسلىكى، خەلق تۇرمۇش مەسلىكى مەخسۇس ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. سۇن جۇڭشەننىڭ تەرجىمھالى ۋە ئىنقىلابى پائالىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئۆز سەپداشلىرىغا تونۇشتۇردى. بىراق فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ۋە دىنى ئاسارەت شىنجاڭ خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىق - قالاقلىقتا، سىياسىي جەھەتتە قۇللۇقتا، مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلىقتا، دىنى خۇراپاتلىق ئىچىدە قالدۇرغان ئىدى. شۇڭا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى خۇددى شىنخەي ئىنقىلابىغا ئوخشاشلا ئۈزۈل - كېسىل ئېلىپ بېرىلمىدى، بەلكى ئىنقىلاپ تونىغا ئورۇنىۋالغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر، يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئەكسىيەتچى روھانىلار بىلەن بىرلىشىپ ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېزىپ، مىللىي زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ياشاپ سىياسىي جەھەتتە يېتەرلىك ئاڭغا ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەندە ئىنتايىن ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولغان شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىلغار ئىنقىلابىي دۇنيا قاراش ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئىي گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزەتتى. ئۇ ھايات رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، ساداقەت، چىن دوستلۇق، مۇھەببەت، راستچىللىق، ئەمگەكنى، ئىلىم - مەرىپەتنى، ۋەتەننى، ئۆز خەلقىنى، سۆيىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، بارلىق ئالىجاناب ئېسىل پەزىلەتلەرنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، نادانلىق، جاھىللىق، ھىلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، ساتقىنلىق، ئالدامچىلىق، ھورۇنلۇق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، مۇناپىقلىق قاتارلىق بارلىق خۇنۇك ناچار ئىللەتلەرنى شەپقەتسىز پاش قىلدى. شائىر ئۈچۈن ئۆزى ياشاپ چوڭ بولغان زېمىن، ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن خەلق ئەڭ قۇدرەتلىك ئىدى. شۇڭا شائىر ئۆز خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خەلقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۆيىدە ئاقتى، ئۆزىنىڭ ھايات ئەقىدىسىنى خەلقىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن زىچ باغلىدى. خەلقنى زۇلۇم ۋە ئاسارەتتە قالدۇرۇدىغان، خەلقىنىڭ ياشاش ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ھەرقانداق تەلۋىلىك ۋە ياۋۇزلۇقلارغا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار، ئىسيانكار روھىي بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جاھالەت ھامىيلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىق قىلىش شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. شۇڭا شائىر ئۆزىنىڭ غايە ۋە ئەقىدىلىرىنى «غەزەپ ۋە

زار » ، «ئۈززۈلمەس ئۈمىد » ، «ئويغان » ، «بار-
دۇر » ، «يەجۇجى ، مەجۇجى » ، «ئىستىمەس » ،
«هار » قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەيدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر » ناملىق شېئىرىدا
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خاراپلاشقان تەقدىرىگە ئې-
چىنىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي
دېموكراتىك نۇقتىنەزەرلىرى بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ، تەرەققىيپەرۋەرلىك
ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى :

«مۇنەججىم هەم ئىنژېنىر ئالىملارنىڭ ئورنىغا
بىزنىڭ ،
تونۇرسەللە ، نەپسى بالا موللا سۇلتانىمىز بار-
دۇر .
قىزىل كۆزلۈك ، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلال-
ماسلىق ،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تورلۇك تۆمەن بۆهتا-
نىمىز باردۇر .
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە ئۈزەر
سۇدا ،
مىنىشكە قوتۇر ئىشەك يوق پىيادە قالغانىمىز بار-
دۇر .
گۈكىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل نېمەئەي بۇ خۇدايىم
دەپ ،
ئەقىلنى ئىشلەتمەي هالڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز
بادۇر .
ئەل يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق
بىزلەر ،
كېلەر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشاي-
مانىمىز باردۇر »

دەپ ئىپادىلىسە ، «غەزەپ ۋە زار » شېئىرىدا :

«پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر ـ جەدىد دەپ
قارغىشۇر ،
بۇ هاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن .
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر باستى غەپلەت خەۋپ
ـ خەتەر ،
هالىمىز قولدىن بەتتەر قانداق چىداپ تۇرارىمەن »

دەپ يېزىپ ،
ئۆز خەلقىنىڭ شۇ تارىخى شارائىتتا زۇلمەتلىك
كۈنلەرگە قېلىشىنىڭ ماهىيەتلىك سەۋەبىنى ئىجتى-
مائىي تۈزۈمگە باغلايدۇ . شۇڭا ئۇ بۇنداق ئىجتىما-
ئىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش لازىملىقىنى ، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن پۈ-
تۈن خەلق كونا ئادەتتىن قول ئۈزۈپ ، ئىلىم ـ پەنگە
يۈرۈش قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە
يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روهنى ئىپادىلەيدۇ هەم مۇ-
شۇ روهنىڭ تۈرتكىسىدە بوشاشماي ئالغا ئىلگىر-
لەيدۇ . شائىرنىڭ قەلبى كۈرەش بورانلىرىغا تە-
قەززا . شۇڭا جەمئىيەتتىكى زۇلۇمغا بولغان سەۋ-
رى ـ تاقەت كۈرەشكە ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلال-
ماسلىقتەك خاهىش ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازاب-
لايدۇ . شۇڭا جەڭگىۋار ئەسەرلىرىنىڭ تىغ ئۇچىنى
مۇستەبىت هاكىمىيەتكە ، ياخشىچاق بولغۇچىلارغا
قارىتىدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى قۇللۇقتىن ، ناداند-
لىق ، ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەتەننى ئازاد قى-
لىشنى هاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ، مۇقەددەس ئىش
دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەق-
دىم قىلىدۇ . «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس » دې-
گەن شېئىرىدا «كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك ، يا ئاب-
دۇخالىق ئۆلگۈلۈك ، ئىككىسىدىن بىرگە تۇرماق
هەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب » دەپ يازسا ،
«كۆڭۈل خاهىشى » دېگەن شېئىرىدا :

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەت-
سىمۇ ،

ئەلنى قىل غەمدىن خالاس ، قىلىچنى بوياپ
قان بىلەن »

دەپ يېزىپ شائىرلارغا خاس ۋىجدان بۇرچىنى ،
ئىنقىلابچىلارغا خاس جاسارىتىنى نامايەن قىلىدۇ .
مانا بۇ هەقىقى ئىنسانى خاراكتېرگە ئىگە ئالىجاناب
پەزىلەت ئىگىسىنىڭ روهي بىلەن ماهايىتىنىڭ
يۈكسەك دەرىجىدە بىرىكىشىدۇر . شۇڭا ئۇنىڭ يۈ-
رىكى هەرقاچان ئۆز خەلقى ئۈچۈن ، ئۆز ۋەتىنى
ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ ، ئۆز ۋەتىنىڭ ئەركىنلىكى ،
هۆرلىكى ئۈچۈن سوقىدۇ . شۇڭا ئاخىرىدا هەقىقانى-
يەت ۋە ئازادلىق ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بول-
دۇ .

شۇڭا بىز ئۇنىڭ تومۇرلاردىكى قانلارنى دول-
قۇنلىتىدىغان جاراڭلىق كۈيلىرىنى ئوقۇغىنىمىز-
دا ، تەۋرەنمەس ئىرادە ، ئىنقىلابىي كۈرەش بىلەن
تولغان جەڭگىۋار هايات مۇساپىسىگە نەزەر سالغى-
نىمىزدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي جەهەتتە
جاهانگىرلىك ، فېئودالىزىمغا قارشى ئىنقىلابىي
ئاڭغا ئىگە دېموكرات ، مەدەنىيەت جەهەتتە كونى-
لىققا قارشى ، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش-
نى تەشەببۇس قىلغۇچى سەركە ، ئىدىيە جەهەتتە
شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىلهامى ۋە تەسىرى بىلەن
دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئېڭىنى يېڭىلاپ ئىلغار دۇن-
يا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاهالەت كۈچلىرىگە
قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان جەڭچى ، تەشكىلاتچى شا-
ئىر ئىكەنلىكىگە ئىختىيارسىز قايىل بولىمىز .

# مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەت مۇقەددىمە

يۈسۈپ ھۈسەيىن

ئى ، ھاياتلىق سىرىغا قىزىققۇچى ، مەنىۋى خىرىدار ، سىز قىزىقىشلىرىڭىز ئىچىدە بۇ يەر يۈزىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تېماتىكا بولسا ، كېلىڭ ، مۇڭدىشىپ كۆرەيلى .

سىزگە مەلۇم ، ھەربىر دۆلەتتە ئورغۇنلىغان مىللىي مەدەنىيەتلەر مىللىي خاسلىقىنى ۋە تەرەققىياتىنى تەكىتلەيدۇ . مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىدۇ . ھەتتا ، بىرەر مىللەت كىشىسى جاھانگىرلەرچە ئارزۇ بىلەن ئۆزىنىڭ مىللەت ئەنئەنىسىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئومۇمىيىتى ۋە بىرلىكى بولۇشىنى ئىرادە قىلماقچى بولىدۇ . بۇ خىيال توغرىمۇ؟ ئەسلى سىرى ئەسرا نېمە ؟

## I باب مەدەنىيەت ھەققىدە چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەدەنىيەت سۆزى ئەرەبچىدىن كەلگەن ، مەنىسى شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ جەھەتتىن ، مەدەنىيەت ـ ئىنسانلارنىڭ مەلۇم ماكانغا توپلاشقان گورۇھلىرى ئىچىدىكى ياشاش ۋە قاراش ئۇسۇلى ، ياشاش ، قاراش شارائىتلىرىنىڭ ئاسان ۋە ئارام بولۇشى دېمەكتۇر . خەنزۇچىدىكى «ۋېن» ( 文 ) سۆزىدىن قارىغاندا ، مۇناسىۋەتلىشىش ، ئەقلى ـ ئىدىرىكنىڭ ئېچىلىشى ، باتىن (كۆزنىڭ ئېچىلىشى ) دېمەكتۇر . لاتىن تىلىدىكى سىۋىلىزاتسىيە ، تۈركىي تىلىدىكى كولتۇر دېگەن سۆزلەردىمۇ ئالاھىدە تەسەۋۋۇر ئەينەكلىرى بار . يەر شارىنى كۆرسەتكۈچى گىلوبۇسقا قارايدىغان بولساق ، بىرنەچچە چوڭ مەدەنىيەت رايونلىرىنى كۆرىمىز . مەسىلەن ، ياۋروپا ، شىمالىي ئامېرىكا ، ئافرىقا ، جەنۇبىي ئامېرىكا ، ئاسىيا . ئاسىيا قىتئەسى ئىچىدىن ئالساق ، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ، شەرقى شىمالىي ئاسىيا قاتارلىقلار . بۇ رايونلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىنىدۇ . دېمەك ، مەدەنىيەت ئىرقى ۋە مىللىي كاتېگورىيىدە كۆرۈنىدىكەن ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماكرو (تېكسكۇپلۇق كەڭلىك ) خۇسۇسىيىتى .

ئەشۇ رايونلاردىن بىردىن تېپىك ئىنساننى ئېلىپ بىر يەرگە تۆت ـ بەش سۈرەتتەك قويۇپ قارىساق ، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرىدىكى پەرقنى كۆرىمىز . مەسىلەن ، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىدىن ئالغان تېپىك سۈرەت قاڭشالىق ، چوڭقۇر يوغان يېشىل كۆز ، ئاقۇش ساغۇچ تېرە . ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ئالغان تېپىك سۈرەت سەل پاناقراق ، توم قاپاق ، قارا كۆز ، قارامتۇل تېرە . ئاسىيانىڭ تۆت رايونىدىكى پەرق تېخىمۇ ئېنىق . غەربىي جەنۇبىي ئاسىيالىق تېپىك سۈرەت : ئاقۇش قارامتۇل ، قاڭشالىق ، يوغان قارا كۆز . شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالىق سۈرەت : ۋىجىك تەن ، ئاقۇش قارامتۇل ، سەل پاناق ، كىچىك كۆز . . . شەرقىي شىمالى ئاسىيالىق سۈرەت : پاناق ، توم قاپاق ، قىسىق كۆز قوڭۇر تېرە ۋە ھاكازالار .

زامانىمىزدىكى تەرەققىيات ، يەنى ئىقتىساد ۋە ھېسسىياتنىڭ يەر شارىلىشىش ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن پەرقلەر ئازايماقتا . بۇ ھادىسە مەدەنىيەت پەرقلىرىنى ھاسىل قىلغان سەۋەب ۋە بۇ پەرقلەرنىڭ يوقىلىشىغا بولغان سەۋەب توغرىسىدىكى تەپەككۇر ئىزلىنىشىنى قوزغايدۇ .

ئىقتىساد ۋە ھېسسىيات خۇددى تەن بىلەن روھ بىرلىكىدەك ، ئەسلى مۇتلەق تاناسىپ (بالانىس ) بىرىكمىدۇر . شۇڭا ، مەدەنىيەت بۇ بىرلىكنىڭ ھەم چىدامىلىق ، ھەم چىرايلىق بولۇش دەرىجىسىدۇر . شۇڭا ، مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەت ـ مەدەنىيەت بىرلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە ھوشىدۇر .

مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ مەدەنىيەتنى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەت شەكلى دېيىش مۇمكىن . بۇنى مەدەنىيەت گورۇھلىرى ، رايونلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى مەنبەسىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ . قەدىمكى بابىلۇن رىۋايەتلىرىدە، ئىنسانلار بىر ئىلاھى مۇنار ياساپ ئېگىزلىگەندە ، بۇ مۇنار ئۆرۈلۈپ كىسەكلىرى چېچىلىپ كەتكەن ئىكەن . ئىنسانىيەتنىڭ تونجى مەنبەسىدىن قارىغاندا ، بىر توپ ئىنسان (پىرمان ) تىرىكلىك ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر خىل ماكانلىرىغا تاراپ قەبىلە بىرلىكلىرىنى ھاسىل قىلغان قەبىلىۋازلىق دەۋرىدە ، ئاقساقاللىرىنى يادرو قىلغان چەمبەر قەۋەتلىرىدەك مەنپەئەت خاسلىقلىرىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قىلىۋالغان . بۇنداق ھادىسە تەبىئەت دۇنياسى-

ـدىكى هايۋانات قەۋەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ . ئوتخور
مەخلۇقلارمۇ ئورمان يايلاقلارنى تاللىشىدۇ . «هىند
چېگرالىرى» نى بەلگە قىلىدۇ . گۆشخور مەخلۇقـ
لارمۇ هەر خىل ئوتتۇرسىقى ماتېرىياللىرىنى ئالاـ
هىدە بەلگە قىلىۋالىدۇ . نەتىجىدە جانلىقلارنىڭ
ئىستىبالىزىم تەرتىپى قەۋىتى بىرقەدەر مۇتلەق
چېگرا هاسىل قىلغان ۋە بۇ هاسىل بەدىلىگە ئۆزدـ
ىنىڭ ئالاهىدە جىسمى سۈپەتلىرىنى ئىختىرا قىـ
لىپ ، ئالاهىدە شەكىل ـ مەدەنىيەت پەرقلىرىنى
تەشكىل قىلغان . دېمەك ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت
پەرقلىرىنى هاسىل قىلغان بىرىنچى ئامىل تەبىئەت
تەمىنلىگەن ئىستىبال ماتېرىياللىرى پەرقىدۇر .
ئىككىنچى ئامىل جەمئىيەتنى تەرتىپلەش ئۈچۈن
ئىختىرا قىلغان «خام خىياللىرى» دۇر . دېمەك ،
هەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۆزىدىن پەـ
خىرلىنىشلىرى ئوبېيكتىپ ھەقىقەت نەزىرىدە بىر
خىل «خام خىياللار» دۇر . ئۇ «مەن بەش مىڭ
يىللىق ئۆمۈر كۆرگەن» دېسە ، بۇ : «مەن ئون
مىڭ يىللىق ئۆمۈر كۆرگەن» دەيدۇ . بۇنداق پەـ
خىرلىنىشلەر بەزىدە باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنىڭ
ساددا ماختانچاقلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ .

## I باب ئوبېيكتىپ ھەقىقەت نېمە؟

بىرىنچى ، ماتېماتىك تەڭلىمە ، گېئومېترىك
تەكشىلىك .

ئىككىنچى . ئىستىبال ۋە ئىختىرادىكى بالاـ
نىسلىق .

ئۈچىنچى . قانائەتلەنگەن مەنپەئەت ، يەنى سەـ
ۋەب ـ يەكۈنلىرىدىكى زىتلىق ھەل قىلىنغاندىن
كېيىنكى قانائەتلەنگەن مەنپەئەت . بۇ جەھەتتىن ،
مەنپەئەت ـ مەۋجۇدىيەت ، ھەقىقەت ـ مەۋھۇمىيەت
خاراكتېرىگە ئىگە . ئادەتتىكى باشلانغۇچ ماتېماتىكا
دەرسلىكىدە دەسلەپ ئىمتىھان سوئالى تەرىقىسىدە
مەلۇم تەڭسىز (تاناسىپسىز ) رەقەم فورما بېرىلىـ
دۇ (كۆزگەكۆرۈنگەن مەۋجۇتلۇق ) ، ئاندىن نامەـ
لۇم تەڭلىمنى يېشىش تەلەپ قىلىنىدۇ (بۇ دەسلەپـ
كى كۆزگە كۆرۈنمىگەن مەۋھۇملۇق ) .

يۇقىرىقى ئۈچ قەۋەت تەبىرنى بىرىكتۈرۈپ ،
مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەت نېمە دېگەندە : ئىقتىساد ۋە
ھېسسىياتتىكى ئىستىبالىزىم بىلەن ئىختىرارىزىم
كەسرى نەقىل ( $\frac{E}{H}$ ) بويىچە ، مەنپەئەت خاراكـ
تېرىنى ئىلماش ۋە ئىتراپ ، ھەقىقەت خاراكتېرىـ
نى ئىنساپ ۋە ئىھسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دېـ
يىش مۇمكىن .

دىنى تەسەۋۋۇر مەنتىقىدىن مىسال : ئادەم
(ئەرەب ) ھاۋا (ھەۋەس ) خۇددى $40 : 2 = 20$
تەڭلىمىسىدىكى بالانىس (جىنسىي ھەقىقەت ) .

نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى تەرتىپى ئىنسانىيەت تەـ
رەققىيات تارىخىدىكى ھەقىقەتنى بىلىش جەھەتتىكى
ئۈچ باسقۇچ سىمۋولى . بۇ ئۈچ باسقۇچ ياقۇپنىڭ
ئون ۋە ئون بىرىنچى ئوغلى نەقلى بىلەن 30 غا
تورلىنىدۇ . بۇنى زامان بويىچە ئۈچ ئىرا ۋەياكى
ئوتتۇز ئەسىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

بۇنى ماتېماتىك رەقەم بويىچە نوھ ھەقىقەت ( $\frac{4}{4}$ ) ، ھام ( $\frac{7}{1}$ ) ، ياپ ( $\frac{6}{2}$ ) ، سام ( $\frac{5}{3}$ ) دەپ
بەلگە قىلىش مۇمكىن .

تەبىرى : نوھ ( $\frac{4}{4}$ ) ھەقىقەت ، يەنى ئىستىبـ
مال بىلەن ئىختىرانىڭ بالانىسلىقى . ھام ( $\frac{7}{1}$ )
ا مەنپەئەت ، يەنى ئىستىبالىزىم يەتتە نىسبەت ،
ئىختىرارىزىم بىر نىسبەت ، بۇنى ئافرىقىنىڭ ئىقـ
تىساد ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى قالاقلىق تارىخى
چۈشەندۈرىدۇ . ياپ ( $\frac{6}{2}$ ) مەنپەئەت ، يەنى ئىستىبـ
مالىزىم 6 نىسبەت ، ئىختىرارىزىم ئىككى نىسـ
بەت ، بۇنى ئاسىيادىكى ئىقتىساد ، ھېسسىياتتىكى
تەرەققىيات نادانلىقى چۈشەندۈرىدۇ . سام ( $\frac{5}{3}$ )
مەنپەئەت ، يەنى ئىستىبالىزمدىكى بەش نىسبەت ،
ئىختىرارىزمدىكى ئۈچ نىسبەت ، بۇنى ياۋروپانىڭ
تەرەققىيات راۋانلىقى چۈشەندۈرىدۇ . ئىنساپ ۋە
ئىھسان دېگەن «تىرمۇمېتىر» نى قويغاندا ، $\frac{4}{4}$ —
$\frac{5}{3}$ بولۇشقا ئەڭ يېقىن تەڭلىمە بولغانلىق . سام
(ياۋروپا ) ھەقىقەتكە خېلى يېقىن كېلىدۇ .

## II باب تارىخىي تەسەۋۋۇر

يەر شارىدا ۋە قىش ياز پەسلىدە شىمالى ،
جەنۇبىي قۇتۇپ ئەكس تاناسىپ ئۆزگىرىپ تۇرغاـ
لىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىت يەر شارىنىڭ ئىراۋى
(مىلادى بىرلىكىدە ) قۇتۇپ ، ئېكۋاتور ئۆزگىرىشـ
لىرى بىر چەمبەردىكى تۆت سىزىق پەرقىنى كۆرـ
ستىدۇ . بۇنىڭدىن قەدىمكى بىر دەۋرىدە ئېكۋاتور
يەنى تىروپىك بەلۋاغ ھازىرقى ئاۋستىرالىيە ، ھىنـ
دىستان ، ياۋروپا رايونلىرىدىن ئۆتكەنلىكىنى ھېس
قىلدۇرىدۇ . بۇ گېئومېترىك شەكىلدە ، ھازىرقى
كۆرۈنۈشكە كۆرە پەرق ھاسىل قىلىدۇ . بۇنداق
جۇغراپىيىۋى مەنزىرە ، ھىندى ياۋروپا تىل سىسـ
تېمىسىدىكى (ئارىئان ئىرقى ) نىڭ مەدەنىيەتلىك
بولۇشقا بولغان ئىقلىم تەسىرىنى ، شىمالىي قۇتۇپ
بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن مۇڭغۇل (شەرقىي
شىمالى ئاسىيا ) ئىرقى بىلەن نېگىر (جەنۇبىي
ئافرىقا ) ئىرقىنىڭ مەدەنىيەتسىز قېلىشىغا بولغان
ئىقلىم تەسىرىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇنى «تۆت تادو»
چۈشەنچىسىدىن چۈشەندۈرگەندە ، ئىسسىق ئاپتاپ
بەدەندىن ئەقىلنى چاچىدۇ . سوغۇق ، يامغۇر بەدەنـ
نى ئەقىلنى ياپىدۇ . بۇ ئارقىلىق مەنىۋىيەتنىڭ
مەدەنىيەتكە ئايلىنىش پەرقىدىكى ئىلگىرى ـ كېـ

يىنلىك تەرتىپىنى ھاسىل قىلىمىز .

تارىختىن بىرى ھەرقايسى مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدە دىن ۋە پەن جەھەتتە ھەقىقەتنى ئۆز مەنپەئەتلىرى بويىچە تەسۋىرلىگەن ۋە شەرھلىگەن . شۇڭا ، ئۇنداق چۈشەنچىلەرنى «ئاتالمىش سوبيېكتىپ ھەقىقەت» . . . ھەتتا ئەسلى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە كۆرە سەپسەتە دېيىش مۇمكىن . بىز بۇلارنى بىر چەتتە قويۇپ نۆلدىن باشلىنىدىغان تەپەككۇر بىلەن يەر شارىدىكى تەبىئەتكە قارساق :

ئوت ـ چۆپ (گىياھ ـ ئورمان كاتېگورىيەسىنىڭ) سۇ بىلەن تۇپىنى ئىستىمال قىلىدىغان . ئوتخور (بوغا ـ كالا ، قوي ـ كىيىك كاتېگورىيەسىنىڭ) ئوت چۆپنى ئىستىمال قىلىدىغان ، گۆشخور (بۆرە ـ بۈركۈت كاتېگورىيەسىنىڭ) ئوتخورنى ئىستىمال قىلىدىغان مۇتلەق تەرتىپنى كۆرىمىز . ئاندىن ئىستىمال دېگەن ئالىي مەخلۇقنىڭ ئەسلى تەرتىپ نىزامى بويىچە پەقەت گۆشخورنى ئىستىمال قىلىش لازىملىقىنى ، بۇ ئىككى ئىستىمال بەدىلىگە ، ئوتخور ئۈچۈن ئوت چۆپنى ، ئوت چۆپ ئۈچۈن زېمىننى ، گۆشخور ئۈچۈن ئوتخورنى ئىختىرا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت لازىملىقىنى ، يەنى ئەشۇ ئالىي ئىستىمال مەمنۇنىيىتى بىلەن ئىختىرا مەجبۇرىيىتى ئەكس تاناسىپ بولۇپ ، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز . بىز بۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت توغرىسىدىكى مەنتىقى بىلىشنى ۋە ئەنئەنىۋى تۈزۈمنى ھازىرغىچە ھېچقايسى دىن ـ پەن ئىزىملىرىدىن كۆرمىدۇق .

دىنى تەسەۋۋۇرنى جارى قىلىپ : «ئاللاھ ئادەمگە : بۇ مېۋىنى يېمە ! دېگەندە ، ئادەم ئاللادىن : بۇ مېۋىنى يېمىسەم نېمە يەيمەن دەپ سورىشى لازىم ئىدى . ئاللاھ ئادەمگە ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر دەيتتى ، ئادەمگە بىر بوغا ئۇچرايتتى . ئادەم يېمەكچى بولاتتى . ئاللاھ : بۇنىمۇ يېمە ! دەيتتى . ئادەم يەنە ، ئۇنداق بولسا نېمە يەيمەن ؟ دەپ سورايتتى . ئاللاھ ، ئادەمگە ئالدىڭغا مېڭىۋەر دەيتتى . ئادەم ئالدىغا بىر يولۋاس ئۇچرايتتى . ئادەم ئەندىكىپ كېتەتتى . ئاللاھ شۇ چاغدا ، ئەنە شۇ يولۋاسنى ئوۋلاپ يەيسەن دەيتتى . ئادەم ، ئۇنىڭغا قانداق كۈچىم يېتىدۇ ؟ دەيتتى . ئاللاھ ، ماڭا سىغىن ، بۇنداق كۈچ بىلەن ھۇشنى ساڭا بەرگەنمەن ، دەيتتى . دېمەك ، مۇشۇنداق دېسەك ، شۇ چاغدا . ئەپلاتون دېگەن ئالىي ھەقىقەت (چىدام) بىلەن ئالىي گۈزەللىك (چىراي) ئادەملىك سۈپەتتە بالانىس بولاتتى .

مانا بۇ ھەقىقەت ، بارلىق مىللىي مەدەنىيەت مەنپەئەتلىرىدىن ھالقىپ تۇرغان تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەت سەۋەبىدۇر . بۇ ھەقىقەت مەيلى جەننەت دەيلى ، مەيلى كوممۇنىزم دەيلى كەلگۈسى غايىۋى دۇنيانىڭ مەۋھۇم كۆرۈنگەن مەۋجۇدىيىتىدۇر . بۇنى «ماگنىت» قىلىپ ، تەكشىلىك ئۈستىدىكى ھەر خىل تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى ۋە باشقا مەدەن ئۇۋاقلىرى بىلەن ئارىلاش قىلىپ قويساق ، ماگنىت ، تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى تارتقاندەك ھەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى ماتېرىياللارنى ئەمەلىيەتتىكى خام خىياللار ئۈستىگە قويساق ، مىللىي مەدەنىيەت پەرقلىرىگە سېلىشتۇرما تەتقىق يۈرگۈزگىلى بولىدۇ .

ھەممىمىزگە ئېنىق مەلۇمكى ، يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسان خىللىرى ، ئوت چۆپتىن بولغان ئاش ، نان ، دورا يېمەكلىرىنى ئىستىمال قىلىدۇ . شۇڭا ئۇلار «ئوتخور» دەرىجىلىك . بەزىلىرى كالا ، قوي ، چوشقا قاتارلىق ئوتخور گۆشلىرىنى ئىستىمال قىلىدۇ . بۇلار گۆشخور دەرىجىلىك . ئاز سانىدىكى ئىمتىيازلىقلار گۆشخورنى ، يولۋاس ، بۆرە قاتارلىقلارنى ئىستىمال قىلىدۇ . ئومۇمەن ، ئىستىمال ماتېرىياللىرى ئوت چۆپ ، ئوتخور ، گۆشخور ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئىستىمال نىسبەتلىرىدىكى پەرق ئىختىرا پەرقلىرىنى ھاسىل قىلغان . شۇڭا ھەممىسى «نىسبى ھەقىقەت» ئوپۇقلىرىدا توختاپ قالغان .

## IV باب ھەقىقەتكە يەتمەك مەنزىللىرى

ئەمدى دىققەتنى جۇڭگو ۋە ماكانىمىزغا جەملەپ سەل تەپسىلىي تەتقىق قىلايلى .

ماكانىمىز ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مەدەنىيەتتىكى نىسبەت $\frac{6}{2}$

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى جۇڭگو ۋە ماكانىمىز تارىخىي قالدۇق سۈپىتىدە بېكىنمىچىلىك ۋەزىيىتىدە ياشاپ كەلدى .

ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا ماكانىمىز ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىغا ئوخشايدۇ . كالىفورنىيىگە تىنچ ئوكيان شامالللىرى ئۇرۇپ تۇرسا ، ماكانىمىزغا غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا شامالللىرى ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ . كېيىنكى يۈز يىل جەريانىدا يەھۇدى ، ئېنگلىز ئەنئەنىلىرى چىڭ سۇلالىسىدىكى ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتتى . ئۇزۇن چاچ قىسقا چاچقا ، پەرىجە كاستيۇمغا ئۆزگەردى ، يەھۇدى ، ئېنگلىز ئەنئەنىسىدىكى ماركسىزملىق ئىقتىساد ، ھېسسىيات فېئوداللىق ئەنئەنىنى بۇرژۇئازىيىچە چۈشەنچىلەرگە ئۆزگەرتىشكە باشلىدى . نۇرغۇن ئۇششاق ئىگىلىك ئىستىخىيەسى دۆلەت مونوپولىيىسى قالپىقىنى كىيدى . شىنجاڭدىكى مىللى ئىرقى خۇسۇسىيەت غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق ئەشۇ يەھۇدى ، ئىنگلىز ھېسلىرىغا يېقىن $\frac{5}{3}$ نىسبەت بولسىمۇ ، شىنجاڭنىڭ نوقۇل ماتېرىيال مەنبەسى بولۇش تەقدىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە $\frac{6}{2}$ نىسبەت بولۇپ ، ئىقتىساد بىلەن ھېسسىيات پەرقىنى ھاسىل قىلدى . شۇڭا ، بۇ جەھەتتە يەنى مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەتنى بىلىش ھېسسىيات جەھەتتە $\frac{5-1=4}{3+1=4}$ ، ئىق-

ىتىساد جەھەتتە $\frac{6-2=4}{2+2=4}$ تەڭلىمە پەرقىدۇر .
بېقىنقى يىللاردىن بىرى مۇتەپەككۇرلار ، ئە-
دىبلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ، ئۇيغۇر خىسلەت-
لىرى ، ئىللەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى
يازدى ، ۋەھالەنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مىل-
لى مەدەنىيەتنىڭ مەنپەئەت قەۋىتىدىكى چۈشەنچە-
لەردۇر . ۋەھالەنكى ، بۇ چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر مەدە-
نىيتى قانداق شەكىللەنگەن ؟ ئۇنىڭ دۇنياۋى مە-
دەنىيەت سېلىشتۇرمىسىدىكى نىسپىتى زادى قاند-
چىلىك ؟ كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات
قىسمىتى قانداق بولىدۇ ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ .
شۇڭا ، كەمىنە مۇشۇ مەسىلىلەرگە جاۋابەن
بايان قىلماقچى .
ئۇيغۇر مەدنىيىتىنىڭ كېيىنكى مىڭ يىللىق
تارىخىنى ئەسلىسەك ، نوقۇل ئىسلامىيەت مەدەنى-
يىتى دېگىلى بولمايدۇ . بولۇپمۇ كىدان (12 ـ
ئەسىر ) ، موڭغۇل (13 ـ 15 ـ ئەسىر ) ، مانجۇ
(18 ـ 20 ـ ئەسىر ) دەۋرىدە كاتولىك ، خرىستى-
ئان دىنلىرى ، بۇرۇنقى بۇددا ۋە مانى دىنلىرى
قالدۇقلىرى بىلەن قوشۇلدى ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت
ئىدىلوگىيىسىنى ھاسىل قىلدى . مەسىلەن ، مەش-
ھۇر نەۋائىي ، مەشرەپ ۋەكىللىكىدىكى كلاسسىك
غەزەللەردىكى ئىشىق مەزمۇنلىرى ئەرەپ (سۇننى )
ئىسلام شەرئىتىگە ئىسيانى ئامىللارنى يوشۇرغان .
ئىشىق مەزمۇنلىرىدىكى ئىلاھى مەنزىل ، ماتېما-
تىك تەڭلىمىنىڭ بەدىئى (جىنسىي تاناسىپ ) ۋە-
كىللىرىدىن غېرىپ ـ سەنەم ، تاھىر ـ زۆھرە ،
ۋامۇق ـ ئۇزرا قاتارلىقلار ئەرۋاھىدا گەۋدىلەنگەن
بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەردىكى
ئىستېمال ، ئىختىرا تەڭلىمىسىدىكى مۇتلەق مەنبە
ۋە يەكۇنلەرنى ئېچىپ بېرەلمىگەن .
20 ـ ئەسىردىن باشلاپ يېڭى مەدەنىيەت ھە-
رىكىتىدە زىيالىلار دېگەن بىر قاتلام شەكىللەندى .
بۇلار ئاساسەن ياۋروپادىن تارقالغان نەزەرىيىۋى ئى-
دىيىلەرنى تەدبىق قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر پۈ-
تۈن مىللىي مەدەنىيەت مەيدانىدا زىيالىلار ۋە ئى-
لاھلار (كەمىنە ئەنئەنىۋى دىندارلارنى ئىلاھلار دې-
يىشىدىكى سەۋەب ـ ئۇلار كۆپىنچە ئۆزىنىڭ سۇب-
يېكتىپ قاراشلىرىنى خۇدا ۋە مۇقەددەس كىتاب
ئىبارەتلىرى بىلەن قوشۇپ ، ئەمەلىيەتتە سۇبيېك-
تىزىمنى ئاساس قىلىدۇ ) دېگەن ئىككى تەرەپنى
ھاسىل قىلدى . زىيالىلار تەرەپ ئاساسەن ھازىرقى
ئىدارە ئورگاندىكى كادىرلار ، خادىملار ، ھەر دەرى-
جىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ؛
ئىلاھلار تەرەپ دېھقانلار ، تىجارەتچىلەر ، ئىشسىز-
لار . ئالدىنقى تەرەپ زامانىۋى دېگەن ياۋروپا ، ئا-
مېرىكا تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ، ئىستېمال ، ئىختىرا
نەتىجىلەرگە ھەۋەس قىلسا ، كېيىنكى تەرەپ ئە-
رەپ ، ئىران ، پاكىستان ، ھىندىستان تۇرمۇش ئۇ-
سۇلىغا ، ئىستېمال ، ئىختىرا نەتىجىلىرىگە ھەۋەس

قىلىدۇ . بۇلار كۆپىنچە ئوتتۇرا ئەسىر دەرىجىسىدە
توختاپ قالغان . شۇڭا ، نۇرغۇن مەسىلىلەر لاتىن
تىلىدىن كىرگەن ئۇقۇملارنى ئەرەپ ، پارس تىلى-
دىن ئۆزلەشكەن ئۇقۇملارنى شەرھىلەش مەجبۇرى-
يەتلىرىنى ھاسىل قىلغان . مەسىلەن ، پرولېتارى-
يات دېگەن نېمە ؟ بۇ ئەرەپ تىلىدىكى ۋەھدە دىل
ۋۇجۇتلار دېگەنلىك . بۇ ئۇيغۇرچىدا پانىلار ، پانى-
لىق يولىنى تۇتقۇچىلار دېگەنلىك بولىدۇ . موگى-
مىن دېگەن نېمە ؟ تەڭلىمىنى كۆرگەنلەر . كوفىر
دېگەن نېمە ؟ تەڭسىزلىكتە تۇرۇپ قالغانلار ، دې-
مەك . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق-
لاشتا يەنىلا دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ مىڭ
يىلدىن بۇيانقى ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئايرىلىشقا
بولمايدۇ .
دۇنياۋى مەدەنىيەت گەرچە مۇتلەق ۋە ئوبيېك-
تىپ ھەقىقەتنى بىلىش ۋە تۈزۈملەشتىن بەكمۇ
يىراق بولسىمۇ ، نىسبى ھەقىقەت ئامىللىرى تە-
رەققىيات تۈرتكىسى بولدى . مەسىلەن ، تەپەككۇر-
دىكى يەر مەركەز تەلىماتىدىن قوياش مەركەز تەلىما-
تىغا كۆچۈش ، ئاندىن سامان يولى ، ئالەملىك بوش-
لۇق چۈشەنچىلەرگە كۆچۈش تەبىئەت دۇنياسىنى
ئۆزگەرتىشتە ئىنسان مۇشەققەتلىرىنى ھەل قىلغۇ-
چى سانائەت ۋە تېخنىكا كەشپىياتلىرى ، تىراكتور-
لار ، ماشىنىلار ، پويىز ، پاراخوت ، ئېلېكتر ، ئې-
لېكترون ، ئىنتېرنېت ئىختىرالىرى ، گىناد ۋە
كىلون چۈشەنچىلىرى قاتارلىقلار . بۇلار مۇتلەق
ھەقىقەت تۈزۈملىشىدىغان كەلگۈسى جەننەتتەك
دەۋرلەر ئۈچۈن زۆررۈر .
ئەپسۇسكى بۇنداق ئىختىرالار ئاساسەن دېگى-
دەك ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن چىقتى ، ئاسىيالىقلار
ۋە جۈملىدىن بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز ئۆگىنىشكە
ھەۋەس قىلدى .
«ھەقىقەت ـ قانائەتلەنگەن مەنپەئەت» دېگەن
تەدبىر بويىچە ، مەۋجۇت تارىخى باسقۇچتىكى قانداق
ئىدىيىۋى ئەخلاقلار نىسبى ھەقىقەت بولىدۇ ؟ دې-
گەن مەسىلىمۇ مۇھىم . چۈنكى بۇ جەھەتتىكى توق-
را سېلىشتۇرما تەرەققىيات تۈرتكىسى بولىدۇ . بۇ
جەھەتتە ئىلماش / ئىسراپ كەسرى نەقىل بىلەن
ئىنساپ ۋە ئېھسان دېگەن كەسرى نەقىلنى سې-
لىشتۇرايلى . قۇلايلىق ئىقتىساد ، ھېسسىياتى
ئىمكاننى ئىگىلەپ باي بولغان بىر كىشى ھارامدىن
ئىلماپ يۇرۇپ تاپتى ۋە ئۇنى ئىشرەتتە ئىسراپ
قىلدى دېسەك ، باشقا ئىلمىغۇچى ۋە ئىشرەتكە
ئىسراپ قىلغۇچىلار كىشىلىرىنىڭ ھەسەت ۋە نەپ-
رەتلىرىنى قوزغايدۇ . بۇزغۇنچىلىق ئەپسۇنلىرى
ۋە ئۇنىڭ بىئورادىئولوگىيىلىك دولقۇنلىرى باي
كىشىنى نامەلۇم كېسەلگە ، ئاخىرى ئەجەلگە گى-
رىپتار قىلىدۇ . بۇ دەۋرى ئائىلانىما تارىختىكى سى-
نىپى (دىنىنى ) ئۇرۇش سەۋەبلىرىدۇر . ئەگەر
بىر كىشى ھالالدىن باي بولدى ۋە ئىستېمالدا ئىنى-
ساپ قىلىپ بايلىقنى كۆپەيتتى ، ئاندىن ئېھتىيا-
جىدىن ئاشقان قىممەتنى باشقا نائىلاج خار كىشىگە

ئىقتىسادى ، ھېسسىيات جەھەتتە ئىھسان قىلىپ ، ئۇنىڭمۇ مۇۋاپىق ئىمكان ۋە ۋىجدان تېپىشىغا ۋە يېڭى ساھەدە ئىقتىسادى ، ھېسسىيات باي بولۇشىغا سەۋەب بولدى دېسەك ، بۇنىڭدىن دوستلۇق ، قېرىنداشلىق مېھرى ھاسىل بولىدۇ . بۇ نىسپى ھەقىقەت بولىدۇ . يەنى ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ . ئىنساپ ۋە ئىھسان دەرىجىلىرىدە تېخىمۇ ئېگىزگە ئۆرلەيدۇ . مەسىلەن ، دۇنيا بانكىسىنىڭ نامرات رايونلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشى ، ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش مۇشۇ جۈملىگە مەنسۇپ .

جىنسىي (ئائىلە ، نىكاھ ، توي ـ تۆكۈن ) كاتېگورىيىدىكى نىسپى ھەقىقەتكە كەلسەك ، بۇ يەردىكى ھەقىقەت ، ئادەم ، ھاۋا ، يۈسۈپ ـ زۈلەي ، تاھىر ـ زۆھرا داستانلىرىدا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىلاپەتلەر ، خىيانەتلەر ، جىنايەتلەر مەدەنىيەتتىكى جاھالەت بولۇپ كەلگەن . بۇنداق ھېسسىيات تەڭسىزلىك ئىقتىسادى تەڭسىزلىكلەرنى ، مەسلىھەت چىيى ، توي چايلىرى قاتارلىق ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەر ئېلىشۋېلىش رىقابەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرغان . تەڭسىزلىكنىڭ ئېلىس ئېزىتقۇسى ھېسابسىز نەسلى زەخمەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇڭا ، جىنسىي تاناسىپ توغرىسىدىكى بىلىش ، ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئىنساپ ۋە ئىھسان ، ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەت سەۋەبى قاتارلىقلارنى تونۇغان كىشىلەر قانچە كۆپەيسە ، نىسپى ھەقىقەتنىڭ گەۋدىلىنىشى شۇنچە ئېنىقلىنىدۇ .

جىسمى كاتېگورىيىدە ، بىزنىڭ بەدىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ جىسىمىدىكى تىراگىدىك ئاقىۋەتلەر كۆپىنچە ھېسلىرىمىزدا مۇقەددەس بىلگەن سىزىمىدىن كېلىدۇ . بەدەن ، تۇپراق ، دەرەخ ، ھايۋان ، كومپيۇتېر ماشىنا قاتارلىقلار ئىقتىدار دەرىجىلىرى مۇكۈنگەن مىكرو مەنىۋى دۇنيادۇر . بىز ھەر دائىم ئۆلدىن باشلاپ بۇ مىكرو مەنىۋى دۇنيانى بىلىشكە ھەۋەس قىلىمىز . بىرىنچى كۆرۈنۈشتە ، خۇددى ئەلۋىرىدىكى بۇغداي ، خەشەك ئايرىلغاندەك . ئىنسانلىق سۈپەتنى كۆرۈمىز . ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە . سىزىم سۈپەتتە ئازراق نەمدەلگەن ئوت ئەلگەكتە تاسقالغاندا نەم كۆمۈلاچ بولغاندەك ئىنسانى بىرلىكنى ، مېھىرداشلىق قانۇنىنى ھېس قىلىمىز . ھېسسىي كاتېگورىيە جەھەتتە ، «ئىلاھلار» نىڭ ئىدىيىسىدە ئىسلاھات ئۇندۇرمىسىنى ئىختىرا قىلىش ئۈچۈن بەزى دىنى ھىكايەتلەرنى تەپتىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن «ئاللا ئادەمنى 40 كۈندە ياراتتى» ، دېگەن بىر جۈملىنى ئالساق ، بۇ 40 كۈننى تۆت مىڭ يىل دېسەك پىرماندىن ئىنسانغا ئۆزگىرىش تارىخى كېلىپ چىقىدۇ ۋە تەڭرى ئىنساننى قەستەن گۇناھى ئەزەلگە تاشلاپ جازالىغۇچى ئەمەس ، بەلكى ، پىرماندىن ئىنسانغا ئۆزگەرتىش تارىخى باسقۇچلىرىدا ئىنسانى سۈپەتنى تەدرىجىي ئىختىرا قىلغۇچى ، نىسپى ھەقىقەتنى بىلدۈرگۈچى ، ئاندىن مۇتلەق ھەقىقەتكە يەتكۈزگۈچى دېسەك ، بىرىنچىدىن ئەقلىنىڭ نامەلۇم تەڭلىمىنى يېشىش خاراكتېرىگە ، ئىككىنچىدىن تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىنىڭ مۇقەررەلىكىگە توغرا بىلىش (ھېس مەنتىق ) ھاسىل بولىدۇ ۋە ئاندىن ئەخلاقى ھېكمەت : مەندە شىر ، يولۋاسنى يەپ كەتكىدەك قەھرى كۈچ بولسىمۇ ، ئىنسان دېگەن قېرىنداشقا گۈل ھىرىدەك رەھمى ھېرىش بار . بۇ ئىككى خىل (ئەخرەمدىن كۈچ بىلەن ئەخرەمز ھۇش $\frac{4}{4}$ بالانىسلىقى بولىدۇ» دېگەن جۈملە سۇلايمان ئەڭگۈشتەرى بولىدۇ . ئاندىن قانۇنى ھېكمەت ـ دۆلەت خەلقنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئېكولوگىيىلىك تەڭلىمە ھەرىكەتلىرى فىمىنى يەڭگۈچى ، ئېكولوگىيىلىك تەرتىپكە يېتەكلىگۈچى دېگەن جۈملە «ئىسكەندەر ئۈستۈرلاپ» بولىدۇ .

ھۆرمەتلىك خېرىدارىم .

سىز مەدەنىيەتتىكى ھەقىقەت نېمىلىكىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېنىق ھېس قىلغاندىن كېيىن ، شۇنداق قارىسىڭىز دۇنياۋى تاغلار ، دولقۇنلارنىڭ خىلاپى چىمىرلاشلىرىنى كۆرۈسىز . سىزدىكى شەخسىي نەزەرىيە بىلەن دۇنياۋى ئەمەلىيەت ئارىسىدا زىتلىق كۆرۈنىدۇ . قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ئۈمۈر قىسقا ، قالمىغان كۆڭۈل چەكسىز ، قانداق تاللاش كېرەك ؟

## V باب نىسپى ھەقىقەت مەۋقەسى

تۆۋەندىكى چۈشەنچىلەر تەجرىبىۋى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر خاراكتېرىگە ئىگە .

مەسىلەن ، ياۋروپالىق تەسەۋۋۇرىدىكى يورۇق نەرسە ئاسىيالىق تەسەۋۋۇردا تۇتۇق بولىدۇ . كۆز پەرقلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىنكى ، $\frac{5}{3}$ نىسبەتلىك چولڭ مېڭە بىلەن $\frac{6}{2}$ نىسبەتلىك مېڭە ھۈجەيرىلىرى مىقدار سۈپىتىدە پەرقلىق بولىدۇ . ئەكسىنچە ئوتتۇرا مېڭە (پىرمانى خۇسۇسىيەت ئاسىيالىقتا $\frac{2}{6}$ نىسبەت ، ياۋروپالىقتا $\frac{3}{5}$ نىسبەت بولىدۇ . ) دېمەك ، بىزنىڭ مىللىي تەرەققىيات يولىمىزدا كۆرۈنمەس تاغ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ . نەپەسلەردىكى مىكرو زامان ، ماكان تەڭلىمىسىنى ئۇنتۇپ قالساق ، دولقۇنلاردا غەرق بولۇشىمىز مۇمكىن . بۇ يەردە ماركسىنىڭ قىزى يېنىغا قالدۇرغان «پەيلاسوپ بىلەن قولاقچى» دېگەن تەمسىل كېلىدۇ . توغرا بىلىش ھۇش ، جىسمى كۈچ سەۋەبى بولىدۇ . شۇڭا ، نەزەرىيىۋى مەنتىق ۋە مەنزىرە ئېنىقلانغاندىن كېيىن تەجرىبىۋى مەسىلىلەر دەقىقلەپ ، زەرىللەپ ئىمتىھان قىلىدۇ .

ئېرىش ئېگىزلىكىدەك تاغلار پەسەيسە، پەرىش چوڭقۇرلۇقىدەك ھاڭلار تىنىدۇ. قار، يامغۇر تەكشى ياغسا ئېدىر - يايلاقلارنى ئورمانلاردەك تەكشى يېشىللىق قاپلايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ھوقۇق، بايلىق ئېھرامى (ئۇچبۇلۇڭ) كېسەكلىرى (چېركىتلىرى) توقۇق. خارلىق ئېھرامى (ئۇچبۇلۇڭ) تەرەپكە چۆكسە كۆپبۇلۇڭ تەڭلىمە كۋادرات ھاسىل بولىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئېلېكترونلۇق ھەرىكىتى سىزدىكى تۆت كېرىم بىلەن تۆت چىقىم تاناسىپلىقىنى راۋان قىلىدۇ. يەنى فىزىئولوگىيىلىك چىدام ۋە چىراي سەۋەبى، تىۋىپ ۋە دورىلاردىن بىھاجەت بولۇسىز.

سىزگە مەلۇم بولغان مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ بەدىئى مەنزىرىسى سىزگە خۇددى يىراق ۋە غايىپ سەكەتتىپ يۇلتۇزىدەك «خام خىيال» نەزەرىيە بولسىمۇ، ئۇ سىزگە چوڭقۇر ۋە قىممەتلىك ھۇش بولىدۇ. مەسىلەن، سىز ئادەتتىكى ساددى چۈشەندىكى كىشى بولسىڭىز، چوڭقۇر تۈندە چۈش كۆرۈپ. چۈشىڭىزدە غەزەپلىك يولۋاس، بۆرى ھەتتا تۈگە، بۇقا ۋەياكى ئىت خىرىس قىلسا، قورقۇپ «قارا باستى» دېيىشىڭىز، ھەتتا سىرنى ئۇقماي ئەبەدى ئۇخلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. ۋەھالەنكى سىزنىڭ ئەقلى ھوشىڭىز كۈندۈزى ئەنە شۇنداق يىرتقۇچنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇۋلايدىغان سەكەنتىپسىمان ھۇشنى بوشۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بۇ ھۇش چۈشىڭىزدە سىزنى ئەشۇ قارا باسىدىغان قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. يەنى خۇددى كالا يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقاندەك، چۈشىڭىزدىكى يولۋاس سىز «ئەھرىمەننى كۆرۈپ قېچىپ كېتىدۇ». سىز بۇنىڭدىن ئەشۇ قورۇق نەزەرىيىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىسىز.

زامانىمىزدىكى دېموكراتىك ئىدىيە ۋە «ئىنسان ھوقۇقى» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر نەزەرىيىدە بولسىمۇ نىسپى ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۇرگەن تارىخىي ھادىسىلەردىن بىرى. نېمە ئۈچۈن؟

دېموكراتىزىم ۋە ئىنسان ھوقۇقى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئىنسانلارنىڭ ئىستېمال ۋە ئىختىرا ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئەركىنلىك ۋەزىيىتىدە بىراۋ يەنە بىرىسىنىڭ ئىستېمال ماتېرىياللىرىنى (مېلىنى، جېنىنى) ئېلىۋېلىش ئەركىنلىكى، ئېلىۋېلىشقا قارشىلىق ئەركىنلىكى يەنى خاتالىشىش ئەركىنلىكى، جازالىنىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گەرچە بۇ مەنىدىكى ئىستېمالىزىم (ئوت چۈپىنىمۇ، ئوتخورنىمۇ ئىستېمال قىلىدىغان ئىنساپسىزلىق) مۇتلەق ھەقىقەت مەنتىقى ۋە مەنزىرىسىدىكى ئىستېمالىزىمغا خىلاپ بولسىمۇ، ئىستېمالىستىك بىلىش تەرەققىيات ئەمەلىيىتىدە ئەسلى ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئىبرەتلىرى (ئاچچىق ساۋاقلىرى) رىغبەتلىرى (پۇشماندىن كېيىنكى بىشارەتلىرى) قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئالدى مىسالىدىن كۆرۈش مۇمكىن، بىرەر ئىت ياكى مۈشۈك (ئۇلار ئەسلى گۆشخور مەخلۇق) ئالدىغا بىرەر نان، سەل يىراقتا بىرەر تال سۆڭەك قويۇلسا، ناننى پۇراپ پۇشقۇرۇۋېتىپ سۆڭەككە قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئۇنى غاجىلايدۇ. بۇنداق تاللاشنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېتىقادى بەلگىلىگەن. خۇددى شۇنىڭدەك ئىنسانلارغىمۇ يىرتقۇچ گۆشخور مەخلۇق كاۋاپلىرىنى ئىستېمال قىلىش ئىمكانى بولغاندا ئىدى. لەگمەن، پولۇ، مانتۇ، سامسا قاتارلىق ماتېرىياللىرىدىن شۈركىنىپ ئىستېمال قىلمايدىغان ئىستېمال ستىخىيەسى كۆچەيگەن بولاتتى.

دېمەك، دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە ئىنسان ئىستېمال ۋە ئىختىرا ھوقۇقى ئەشۇنداق غايىۋى مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش ھوقۇقىنىڭ تارىخىي شەرتلىرىدۇر. بىلىش تەرەققىياتىدىكى زامان مەنتىقىدىن ئەسلىسەك، بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى «ئادەم، ھاۋا» ھېكايىتىدىكى بۇ مېۋىنى يېمە!» دېگەن ئەگاھلىق ئىختىرا قىلىندى دېسەك، مىلادى 2000 - يىلى بۇ «ئوتخورنىمۇ يېمە!» دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقتى. كىم بىلىدۇ، يەنە مىڭ يىلدىن كېيىن، ئاندىن دىنى ئەقىدە خاراكتېرىنى ئېلىشى مۇمكىن. ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. 1975 - يىللىرى ئىدى، يىزا خىزمىتىدە بىر يېزىدا يۈرەتتىم، بىر قېرى جۇۋازچى قىرى بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. بوۋاي ھېكايە سۆزلەپ: بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام كېتىپ بارسا، بىر قۇچقاچ ئۇچۇپ كېلىپ: ئى مۇسا، مېنى لاچىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. قۇتقۇزغىن، دېدى. مۇسا قۇچقاچقا، ئۇنداق بولسا يېڭىمگە كىرىۋالغىن، دېدى. قۇچقاچ مۇسانىڭ يېڭىگە كىرىپ مۆكۈندى. ھايال ئۆتمەي لاچىن كېلىپ: ئى مۇسا قۇچقاچنى ماڭا چىقىرىپ بەرگىن دېدى، مۇسا لاچىنغا: ئى لاچىن، قۇچقاچنى يېمىگىن. ئۇنىڭ ئورنىغا يوتامدىن گۆش كېسىپ بېرەي، شۇنى يېگىن، دېدى. لاچىن مۇساغا: ئى مۇسا، خۇدا ماڭا سىنىڭ گۆشۈڭنى ئەمەس، بەلكى قۇچقاچ گۆشىنى رىسىق قىلىپ بەرگەن دېۋىدى، مۇسا تىڭرقاپ تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا قۇچقاچ مۇسانىڭ يېڭىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. لاچىن قۇچقاچنى قوغلاپ كەتتى، دېگەن ئىدى. ئەمدى ئەسلىسەم، جانلىقلارنىڭ ئىستېمال تەرتىپى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ماڭا مەنسۇپ ئىختىرارى چۈشەنچە بولماستىن، ئەسلىدە تارىخ تۈزاڭلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان ھەقىقەت جەۋھەرلىرى ئىكەن. بۇنىڭدىن سىزگە ئىبرەت شۇكى، بىرەر ئاددى ھېكمەتنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇنغىچە تەجرىبىۋى تەپەككۇر جەريانى كېرەك ئىكەن.

## VI باب تەرەققىياتنىڭ سىرى

دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم خەزىنىسىدىكى

«تېخنىكا بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش (ئىختىرا) كۈچى دېگەن ھۆكۈمنى تەكىتلىگەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ 20 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە غايەت زور ۋە تېز ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ماكانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىل كۆزى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى سانائەت ۋە تېخنىكا نەتىجىلىرىگە تىكىلدى ۋە سانائەت تېخنىكا ئۇچۇرلىرىغا ھەۋەس كۈچەيدى. ئەمما بۇ ئەقىل كۆزى تېخىمۇ ئىچكىرى بىر پەردىدە كۆرەلمىگەن بىر تەرەپ مەۋجۇت ئىدى. «بىرسە دېگەن ئون مىسقال» دېگەن ماقال بويىچە ئەشۇ بىرىنچى دەرىجىلىك دېگەن ئۇقۇمنى ئىچىدىكى مىكرو ئون خانىلىق بىر سان قىلساق، ئەشۇ بىرىنچى دەرىجىلىك تېخنىكىۋى كۈچ (ئوتنىڭ) ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ھۇش ئېستېتىكىۋى سىزىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئېستېتىكىۋى ھۇش — قەدىمكى زەردۇش رىۋايەتلىرىدىكى ئەخرى مەز (يۇرۇق) خىرەمەن (سوغۇق) نىڭ $\frac{4}{4}$ بالانسلىقى دېمەكتۇر.

بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېستېتىكا نوقۇل مەنىۋى ئىستېمال ھەۋەسلىرىلا ئەمەس، بەلكى چىدامىلىق، چىرايلىق، ئىختىرالىق ھەۋەسلىرىدۇر.

مەلۇمكى، ھەرقانداق تېخنىكىلىق ماتېرىيال — ئاددى ئۇسكۈنىدىن، ئالىي كومپيۇتېرغا قەدەر مېنىرالى مەدەنىلىك قۇرۇلما. ئالدى بىلەن تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇردىكى خىيال — ئارزۇ، پىلان، ئىخچام تەرىقىسىدە ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇنداق، خام خىيال باسقۇچىدىكى قۇرۇلۇش ئىلمى ئېستېتىكىلىق بولىدۇ. يەنى ئىنسان جىسمىدا 8 خىل ئەكس تاناسىپ بالانس كەلگەن فىزىئولوگىيىلىك كۈچ، ھۇش تەڭلىمە ھالىتىدە، ئاندىن تەبىئەتتىن كىرگەن ئىنزلار رەتلىنىپ، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئىچكى ئىختىراسى بولىدۇ. بۇ يەردە $\frac{5}{3}-\frac{6}{2}$ پەرقلىرىنى كۆرسەتكۈچى غەرب رەسىملىرى بىلەن شەرق رەسىملىرىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن غەرب رەسىملىرىدە مەنزىرە قىياپەت خۇددى فوتو سۈرەتتىكىدەك ئېنىق ۋە سۈزۈك، شەرق رەسىملىرىدە مەنزىرە ۋە قىياپەتلەر ئاددى ماۋزۇلۇڭ قەلەم ۋە تۇتۇق رەڭلەرنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىبارەت. بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنىڭدىن تېخنىكىۋى ئىمكاندىن باشقا ئىستېتىك ۋىجدان پەرقلىرى مەۋجۇت. بۇنىڭدىن يەنە غەربلىك بىلەن شەرقلىقنىڭ كۆز پەرقىنى ھېس قىلىمىز ۋە غەربلىق كۆزنى ئىختىرا قىلغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى نېمە، شەرقلىق كۆزنى ئىختىرا قىلغان تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرى نېمە؟ بۇ يەردە ئىختىراغا نىسبەتەن قىزغىن ئىشقى ھارارەت، جېنىنى تىكىشتىن يانمايدىغان خاراكتېرى دەرىجىلىرى گەۋدىلىنىدۇ. غەربتە بىرەر سەنئەت ۋە زىننەت بۇيۇمى بىرەر زاۋۇت، مەيدان قىممىتىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى غەربلىك ئەشۇ سەنئەت ۋە زىننەت بۇيۇمىنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك جان ئۈچۈن قۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدۇر.

ئىستېتىك مەرىپەتنىڭ ئىككى قاتلىمى بار. بىرى دەل تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىستېمالىزمنىڭ باشقىلارنىڭ ئىختىرارى كەسپى ماتېرىياللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، «تېخنىك» دېگەن ساختا ئۇنۋان، شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئازاب سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، سائەت ياساشنى چالا بىلىدىغان «تېخنىك» سائەت ياسايمەن دەپ پو ئاتتى. قېنى ياسا دېسە، ياسىيالماي جاپا چېكىدۇ. يالغان ياساپ ساتسا خېرىدارلار مەسخىرىسىدىن زەربىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىرى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەتتىكى بەختلىك بولۇش سىرلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى تولىمۇ چىرايلىق مەنزىرەتلەر دۇنياسىدۇر. تۆت تادو: ئاپتاپ، شامال ياسىغان ھەيۋەتلىك ۋە بەكمۇ سەلتەنەتلىك مەنزىلەرنى ئىنسانلار ئەبىدى ياسىيالماسلىقى مۇمكىن. قايسى بىر ھەيكەلتاراش نازۇك چېچەكلەرنىڭ ئۆزىنى ياسىيالامدۇ؟ قايسى ئۇپتىك مىڭلىغان شەبنەملەردىكى چىمىرلاشلارنى ياسىيالايدۇ؟ لېكىن ئۇ دائىم بۇزۇلۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ سۈنئىي بۇزۇش قەستلىرىدىن خالى ئەمەس. مەلۇم مەنىدە ئىستېتىك قاراش ئەنە شۇنداق گۈزەللىكنىڭ بىھۇدە بۇزۇلۇشلىرىدىن ھەسرەتلىنىش تەرىقىسىدە كېلىپ چىققان يىلتىزدۇر. ئاندىن ئىستېتىك قاراش يوقالغان ۋە يوقىلىدىغان گۈزەللىكنى ساقلاش، جارى قىلىش غەيرەتلىرى تەرىقىسىدە كېلىپ چىققان. مەسىلەن نەھىل (ھەسەل ھەرىسى) باھاردىكى چېچەكلەرنى كۆرگەندە شاتلىنىپ بازاردەك جانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى ئىستېتىك ھېس، چېچەكنى داغلىماقچى بولغان چىۋىنلەرنى قوغلاپ چاقماقچى بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى مىستىك ھېس. مۇشۇ مىسالدىن ئالغاندا ھەسەل ھەرىسىدىكى شىر نەھلىلىرى ئىستېتىك خاراكتېر، ھەسەل چىقىرىشى تېخنىكىلىق خاراكتېر.

دىن تارىخىدا ئىلاھلار «ئۇ دۇنيادىكى جەننەت» تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئىنسانلارنى تەرەققىيات ۋە پاراغەتكە ئىلھاملاندۇرماقچى بولغان. «ئۇ دۇنيا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىككى قەۋىتى بار. بىرى مەنىۋى چوڭقۇرلۇق، بىرى كەلگۈسىدىكى زامان، ماكان. بىرىنچى مەنىۋى چوڭقۇرلۇق ئىستېتىك خاراكتېرگە ئىگە. دىققەت قىلىڭ، كىشىلەر رەڭدار چۈشلەرنى كۆرىدۇ. بۇ رەڭلەر نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ دەل تىرىدىكى پىگمېنتلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق كۆيۈشى نەتىجىسىدۇر. شۇڭا، مەدەنىيەت رەڭلىرىنىڭ مەنبەسى مەنىۋىيەت رەڭلىرىدۇر. سۈزۈك سۇ ئاقىدىغان، سۈت ئاقىدىغان، ھەسەل ۋەمەي ئاقىدىغان ئېرىقلىرى بولغان، ئاجايىپ چارباغلىرى، ھۆرى كىلمانلىرى، نەغمە ناۋالىرى

بولغان جەننەت ئەسلىدە ئىستىمالىستىك تەسەۋۋۇر
ئىدى . خوش ئەشۇ ئېرىقتىكى سۇلار ، سۇتلەر ،
ھەسەل ۋە مەيلەر ، باغلاردىكى دەرەخلەر ، چېچەك-
لەر ، نەغمە - ناۋا ، ھۆرى - غىلمانلار - پەرىشتە-
لەرنىڭ ئۆزى نېمە؟ ئىنسان قېنى ، جېنى سەرپ
بولىدىغان ئىختىرار قۇرۇلمىدۇر . بۇنداق جەننەت-
سىمان مەنىۋىيەت مەدەنىيەت شەكلىگە كىرىش ئۇ-
چۇن ئىنسان جىسىملىرىنى ، سىزىملىرىنى بەدەل
قىلىدۇ . خۇددى بىر ياخشى كىشى مېڭىشى ئىچە-
دىكى لەززەتلىك مەنزىرەتنى يەنە بىر كىشى مېڭە-
شى كۆچۈرۈپ ئالالمىغاندەك ، ئىختىراغا مەنسۇپ
جەننەتنى يەنە بىر ئىستېمال كۆچۈرۈپ ئالالمايدۇ .
دىنى تىل بىلەن ئېيتقاندا . ئەگەر ئاللاجەننەت قۇر-
ماقچى بولسا ، چوقۇمكى ئۇنى جەننەت ئەھلىنىڭ
ئۆزىنى ماتېرىيال قىلىپ قۇرىدۇ . بۇنداق ئىسىمە-
سىكىدا مېھنەت ئەھلى باغ ياراتسا ، ئۇنىڭدا ئىش-
رەت ئەھلى سەيلى قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ . چۈن-
كى ئىختىراۋى مېھنەت ئىقتىدارى بىلەن ئىستې-
مالنى ئىشرەت ئېھتىياجى مۇتلەق تاناسىپ تانسىپ-
سىزلىق لەززەت سەۋەبى ئەمەس ، بەلكى رەھمەت
(ھەسرەت ) سەۋەبىدۇر . چۆلدە ئىچكەن سۇ بىلەن
ئۆيدە ئىچكەن سۇنىڭ تىنى ئوخشاش ئەمەس .
دېمەك ، چىرايلىق ئىسىمىسكا چىداملىق تېخە-
نىكىنىڭ سەۋەبىدۇر .

## VI باب مۇناسىۋەتلىك دىئالوگلار

سوئال : سىز دېگەن مۇتلەق ھەقىقەت ئەمەل-
لىشىدىغان ئەشۇ غايىۋى كەلگۈسىنىڭ كوممۇنىزم
تەلىماتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ ؟
جاۋاب : كوممۇنىزمغا ئىخلاسىم بار . خۇددى
«تەۋرات» ھېكايەتلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ،
مۇسا پەيغەمبەرگە ۋاكالىتەن تەركىنىپ قىلغۇچى
ھارون دېگەن قېرىندىشى بەزىدە مۇسانىڭ ئىچكى
رەنجىشلىرىگە سەۋەب بولغاندەك ھەتتا ماركس بە-
لەن ئېنگېلس ئارىسىدىمۇ مۇتلەق ماس كەلمەس-
لىك بولغان . بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس . بىز ھەم-
مىمىز تەپەككۇردىكى تەلەپپۇز قىلالماسلىق ھادى-
سىلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز . مەن كۆرگەن
ماركس ئەسەرلىرىدىن «كاپىتال» دىكى ، «فىير
باخ توغرىسىدا تېزىسلار» ، «سىياسىي ئىقتىساد
تەنقىدى» ئەسەرلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق مە-
سىلىلىرى ئىقتىساد قانۇنلىرىدا خېلى تەپسىلىي
بايان قىلىنغان . ئەپسۇسكى ، ماركس ھېسسىيات
قانۇنلىرى بويىچە بايان قىلىشقا چەكلەنگەن . مۇن-
داقچە ئېيتقاندا ، ماركس ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ
كۆچۈشلىرىنى كۆرگەن . ئەمما ، دېڭىزدىكى چە-
مىرلاش سىرلىرىنى كۆرۈشتە چەكلەنگەن .
كەمىنە ئوتتۇرىغا قويغان مۇتلەق ھەقىقەت يە-
نى ئىستېمال ، ئىختىرا بالانىسلىقى ئومۇمىيەت
بولغان ئەشۇ كەلگۈسى مەنزىرە توغرىسىدىكى تە-
سەۋۋۇر دەل دېڭىزدىكى يۇلتۇز چىمىرلاشلىرىدۇ .

پەرەز قىلايلى :
كەلگۈسىدە يەر شارىدىكى ئىنسانىيەت ھەممى-
سى خۇددى نەھىل (ھەسەل ھەرىلىرىدەك ) تەبى-
ئەت دېگەن چېچەكلەر ئۈستىدە ھەسەل (جەمئىي-
يەت ) ئىختىرا قىلماقتا ۋە بۇ ئىختىرانى ھاياتلىقى-
نىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى دېگەن ئىمان ئىخلاسى
بىلەن مەشغۇلات قىلىدۇ دېسەك ، ئەشۇ نەھىل
(ھەسەل ھەرىسى ) دەك فىزىئولوگىيە ، پسىخولو-
گىيە قانداق شەكىللىنىدۇ؟ مانا مۇشۇ نۇقتىدا
«ئىنسانىيەت پەقەت گۆشخور مەخلۇق گۆشنى كا-
ۋاپ ، قېنىنى شاراپ قىلىپ ئىستېمال قىلىدىغان
بولۇش كېرەك . ئاندىن قان سۈپىتىدە ئاتوم يادرو-
سىدەك ھارارەت ئۇنى خاھلىسا ئۇچىدىغان خاھلىسا
قونىدىغان ئىمكانغا ئىگە قىلىدۇ ۋەياكى جەننەت
تەسۋىرىدىكى ئەركىن كىلمانلار بولىدۇ . ئىنسانى-
يەتنىڭ ئەشۇ نەھىل ھاياتىدىن ئارتۇق ئارزۇ ئار-
مانلىرى مەۋجۇتمۇ ؟
سوئال : ئەشۇ خام خىيال يۈز يىل جەريانىدا
بەربات بولدى . ئەشۇ خام خىيالدىكى دۇنيانى قان-
داق قۇرۇش مۇمكىن ؟
جاۋاب : ئالدى بىلەن ئەشۇ خام خىيالنىڭ
ئۆزى بەكمۇ قىممەتلىك ، بۇ خام خىيال ئىسىمە-
تىك ۋىجداندىن تېخنىكىۋى ئىمكان تۇغۇلىدۇ .
ھازىرقى دېموكراتىيە تەرەققىي قىلغان ئەل-
لەرگە قارالى :
① ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنلىرى ئارقىلىق
شامال بۇلۇتلارنى تەڭشەيدىغان ، قار - يامغۇرلۇق
بۇلۇتلارنى قاقاس ئىقلىملارغا كۆچۈرۈپ ، قار -
يامغۇر ياغدۇرۇپ ، ئورمانلىق ۋە يايلاقلارنى كۆپەي-
تىدۇ . كومپيۇتېرلىق دوگاتلار ، كىرانلار ، بە-
يوكراتلار ئارقىلىق دەريا - ئۆستەڭلەرنى رەتلەي-
دۇ . بۇ ئورمانلار ۋە يايلاقلاردا ئوتخور مەخلۇقلار-
نىڭ «جەننىتى» ئىختىرا قىلىنىدۇ . ئاندىن ئې-
لېكترون كونترول ئۈسكۈنىلىرى ئېسىلغان گۆش-
خور مەخلۇقلارنىڭ پىلانلىق ئىستېمال قىلغۇچى
تەرتىۋى ئىختىرا قىلىنىدۇ . ئاندىن ئىنسانلارنىڭ
ئەشۇ گۆشخور جىسىملىرىدىن ياسالغان «ئاز -
ساز» ئىستېمال بويۇملىرى ئىختىرا قىلىنىدۇ .
② پۈتۈن مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ھەرىكىتىدە
مۇشۇنداق نىشان خۇددى دىن ۋە پەن مەسىلەكلىرى-
دەك تەرغىپ قىلىنىدۇ .
سوئال : ھازىرقى دۇنياغا ، جەمئىيەتلەرگە ،
شەخسىيەتلەرگە ئۇلاردىكى جاھىلىيەت ھادىسىلىرىگە
قاراپ كىشى ئۈمىدسىزلىنىدۇ . ھەتتا يەر شارى
تەسادىپى پارتىلىغان ئاتوم ئابىرى تۈپەيلىدىن گۇم-
ران بولارمىكىن؟ دەپ قالىسىز . بۇنىڭغا قانداق
قارايسىز ؟
جاۋاب : كەمىنە يۇقىرىدا ئەخرەمەن كۈچ بى-
لەن ئەخرەمەز كۈچنىڭ مۇتلەق بالانسلىقى $\frac{4}{4}$
كەسىرى نەقلىنى كۆرسەتكەن . بۇنى دۇنياۋى ئو-
مۇمىيەتكە تەدبىقلىساق ، ئەشۇ جاھىل قەھرە غە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



زەپ قانۇنى مەۋجۇتلۇقمۇ؟ دېگەن سوئال چىقىدۇ. ئۇ قانۇنى. چۈنكى ئۇ، تەبىئەت جانلىقلىرىدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىنسان جىسمىدىكى تىندورمىسى. مەسىلە ئۇنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەبىئەتنى ئېچىشقا سەرپ قىلىش جەھەتتىكى مەرىپەت مەسىلىسى، مەسىلەن بىر غالجىر شىر يولۋاسنى يېڭىشتە ئۇنىڭدىن ھالقىپ قەھرى ھۇشى (كۈچ) قىلىش لازىم. بىر ئىختىراۋى سىرنى ئاچمىغۇنچە قويمايدىغان يىلاندەك سەۋەب لازىم.

نۇرغۇن ھادىسىلەر سىتىخىك ۋە خوراپى ئادەتلەردۇر. مەسىلەن، نۇرغۇن ئىستېمال ھەۋەسكارلىرى مېھنەت ۋە خىزمەت ھەرىكىتىدىن قاچىدۇ. بۇ ھەرىكەتكە ھورۇنلۇق قىلىدۇ، ئەكسىنچە تەنھەرىكەت، تانسا قاتارلىق ئىستېمال ھەرىكەتلىرىگە ھەۋەسلىنىدۇ. زەڭ سالسىڭىز ھەر ئىككىسى ھەرىكەت.

گەپ نەدە؟ ئەشۇ مېھنەت ۋە خىزمەت ھەرىكەتلىرىگە، ئازادە ئەركىن ئىمكان بېرىلمىگەن. ھەرىكەت بەرىكەتكە مۇيەسسەر بولمىسا، ئۇ باشقا بەرىكەتكە قاراپ ھەرىكەتلەنمەك بولىدۇ. ئەگەر ئىجادى مېھنەت ۋە خىزمەت ئۈچۈن بەلكى يېڭى ئىختىرا ئۈچۈن ھەسسىلەپ مۇئاش، مۇكاپات بېرىلىدىغان تۈزۈم بولـا ئىدى. ئاندىن ئىنسان ھەرىكەتلىرىدىكى ئامايىلىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتىڭىز.

سوئال: كلاسسىك دىنلاردىكى ئىنسانلارنى باشقۇرغۇچى خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەر قىممەتسىز بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنى قانداق كۈچ ئەشۇنداق غايىۋى مەنزىلگە مەجبۇرلايدۇ؟

جاۋاب: تاغنىڭ موزلىرى ئېرىپ تارام بىرلۇپ زېمىنگە سىڭىدۇ. بولاق چىقىدۇ. سۇلار پارلىنىدۇ. ھوقۇق ۋە بايلىق ئېھرامىدىكى ئىشلارمۇ شۇنداق. ئېغىر زولۇم ھايۋاناتلارغا، بۇزۇلغان ماشىنلارغا چۈشىدۇ. تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بۇزۇلىدۇ. ئاپەتلەر ۋە ئۇرۇش ئىنسان ئەقلىنى چۈچۈتۈپ ئويغۇتىدۇ، مۇتەپەككۇرلار تەئەججۇپ كۆزلىرى بىلەن تەبىئەتكە زەڭ سالىدۇ.

بىزدەك جىسىملەردىن چېچىلغان ئېنېرگىيىدىن زەرەتلەنگەن جىسىملار تەدرىجىي كۆپىيىدۇ. ئەسلەڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنچى ھام دەۋرى خۇددى ھازىرقى ئافقالىقلاردەك تۈكلۈك قارا قاسراقلىق ئىدى. تۆت پەسىل بولىدىغان ئىقلىمغا كۆچكەن ياپ (قارامتۇل قىزغۇچ يەنى قوڭۇر رەڭلىكلەر) يۇنان، توران دەۋرىنى ھاسىل قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆيگەن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش سام (ئاقوش ساغۇچ) ياۋروپالىق، غەربىي ئاسىيالىقلار دەۋرىنى ھاسىل قىلدى. ئەمدى بىزمۇ ئەشۇلارغا ئوخشاش تەپەككۇرغا ھەۋەس قىلىۋاتىمىز.

سوئال: بىلىشىمچە، بۇددىستلارنىڭ پەرھىزلىرىدىن بىرىدە جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، گۆشلۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق دېيىلگەن ۋە نۇرغۇن گىياھى دورىلار رېتسىپلىرىنى قالدۇرغان ئىكەن. بۇ سىز دېگەن «ئالىي ئىستېمال» چۈشەنچىسى بىلەن مۇنازىرە قىلسا نېمە دېگەن بولاتتىڭىز.

جاۋاب. مېنىڭچە، ھازىرقى نۇرغۇن بۇد پەرەسلەر گۆشلۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. ھەتتا جانلىق تۈگۈل ئىنسانلارنىمۇ ئۆلتۈرىدىغان ئۇرۇشلارنىمۇ قىلغان. ئەشۇ پەرھىزلەر دۇنيانى بىلىش شەرتلىرىدىن بىرى تەجرىبىۋى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ. يەنى سىز گۆشمۇ يىمەي، چىۋىن، كۆمۈت دەرىجىلىك جانلىقنى ئۆلتۈرمەي، سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ بېقىڭ. كۆرىسىزكى، ئەشۇ چىۋىن، كۆمۈت، چۈمۈل، پىت قەدەر جانلىقلار سىزنى ئىستېمال قىلماقچى بولىدۇ. ھەتتا گۈل ـ گىيالارمۇ جېنىڭىزنى تارتىدۇ، ئاندىن كېيىن، سىز بۇددىستلاردەك: سەن يىمىسەڭ سېنى يەيدىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىسىز. ھەتتا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا، ئىنسان يەنە بىرىنىڭ گۆشىنى يىسە، ئىنساندىن ھالقىغان دىۋە پەرى ۋە ئەۋلىيا بولارمىش دېگەن دەرىجىگىمۇ يەتكەن. بۇ مەسىلىدە نۆۋەندىكى ئىككى رىۋايەت دىققەتكە سازاۋەر.

بىرىنچى: بۇدپەرەسلەر ھېكايەتلىرىنىڭ بىرىدە مايتىر دېگەن مايمۇن ئوتتۇز ئىككى مەنزىلدىن ئۆتۈپ بۇرھان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلۇغ مۆجىز بولغان. شىرلار، يىللار، يىلان، چايانلار تازىم قىلغان ئىمىش. ئېھتىمال دارۋىن ۋە مورگان ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دېگەن ئىلھامنى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە ئەشۇ رىۋايەتتىكى ئوتتۇز ئىككى مەنزىل دېگەن سۈپەت باسقۇچلىرى پىرماندىن ئىنسانى سۈپەتكە ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى: رىۋايەت. نوھ ئەلەيھىسسالام رىۋايىتىدىكى توپان سۈيى ئەسلى سۇ بولماستىن قەدىمكى قەبىلىۋازلىق دەۋرىدە ئىنسان (پىرمان) گۇرۇھلىرىنىڭ ماكان تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان چاغلىرىدا يېڭىلگەنلىرىنىڭ تىنىنى كاۋاپ، قېنىنى شاراپ قىلىپ ئىچىپ، قېنى زەھەرلىنىپ موخۇ ئاپتى تارقىلىپ، ھاۋا، سۇ بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن. بۇنىڭدىن قاچقان بىر قەۋىم باشقا ئىنسانلار قەدىمى يەتمەس تاغ ئارىسىغا كىرىپ ياشىغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى لوقماندەك بىر ھېكىمى ئەشۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئىنسان يەنە بىر ئىنسان تېنىنى، قېنىنى ئىستېمال قىلسا بولماسلىقنى، ئادەمنىڭ (ئەدەپنىڭ) ئالاھىدە تۈپراقتىن يارالغانلىقى ھاياتلىق دەرىخىنى (يەنە تەسەۋۋۇردا كۆرۈنگەن يەنە بىر ئىنسان جېنىنى) يىمە! دېگەن ھېكمەتنى ئىختىرا قىلغا. بىز بۇنداق خىلداشلىقنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىستېمال قىلمايدىغانلىقىنى خلداش ھايۋان مىسالىدىن كۆرۈمىز. ئەگەر غەزنۇگە پايلىماي يەپ سالسا، كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. ئاددىي مىسال بىر سىمدا ئوخشاش زەرەتلىك ئېلېكتر ئا-

قىلىدۇ، يەنە بىر سىمگە تېگىپ قالسا زامكانىيە پارتلىشى كېلىپ چىقىدۇ.

ھايۋاناتلارنىڭ كۆپىنچە دوختۇرسىز، دورىسىز ياشايدىغانلىقى، ئەكسىنچە ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل كېسەللەردىن خالىي بولالماسلىقى ئىككى سەۋەبتىن، بىرى ئوتخورلارنىڭ رىسقىنى يەپ ئوتخورلار بىلەن رىقابەتلىشىپ قالغان. بۇ «ئوت»نىڭ زەخمىي. يەنە بىرى گۆشخورلارنىڭ رىسقىنى يەپ گۆشخورلارنىڭ غەزەپ ئوتى زەخمىتىگە ئۇچرىغان، يەنە بىر ئىنسان سىزىملىرى سىڭگەن مېلىنى يېۋېلىپ، نەپرەتلىنىشنىڭ زەخمىتىگە ئۇچرىغان.

سوئال: سىزنىڭچە، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قاراشلىرىدىن قايسىلىرى كەلگۈسىگە ساقلىنىدۇ. قايسىلىرى شاللىنىدۇ؟

جاۋاب: سىز ئاددىي ماتېماتىكا دەرسلىكىدە نامەلۇم تەڭلىمىنى يېشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتمەكنى ئارزۇ قىلاتتىڭىز، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بىر ئاخىرقى قانائەت ئارزۇسى بولىدۇ. ھېچكىم قەستەن خاتا ۋە جاپادا قېلىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە كەلگۈسىگە ساقلىنىدىغان چۈشەنچىلەر؛ ھېسسى، جىسمى، جىنسىي نىسپىي تەڭلىمە (بۇ مىكرو، مەنىۋىيەت خاراكتېرىگە ئىگە). خىللى، مىللى، ئەللى (دۆلەتلەر) ئىرقى تەڭلىمە (بۇ ماكرو مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئىگە). بۇ مىكرو ـ ماكرو تاناسىپلىق ھەم شەخسىيەتكە پايدىلىق ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق.

بۇنىڭ ئىچىدىن سىنىپىي تەڭلىمە كاتېگورىيەسىنى ئالساق، ھازىر ياۋروپا، ئامېرىكىدەك دېموكراتىك ئەللەردە ھەتتا قاتىل جىنايەتچىگىمۇ ئۆلۈم ھۆكۈم قىلماي، جىنايەت خاراكتېرىگە قاراپ ئەللىك. يۈز يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىرىنچى ئادەمنى ئاللا ياراتتى، شۇڭا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش تەڭرىگە مەنسۇپ. ئىككىنچى، ئۇنىڭ جىسمى كۆچى بىر بايلىق، ئۇلارنى ئەركىن گۇناھسىز ئىنسان ئىشلەشكە بېرىشنى خالىمايدىغان مۇشەققەتلىك مېھنەتكە سېلىپ، ئۇنىڭ «ئەھرىمەن» كۈچىنى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە سېلىش يوقاتقاندىن كۆرە پايدىلىق.

دىققەت قىلىڭ، ھازىر ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدە نوپۇس ھاشاراتسىمان تېز كۆپەيمەكتە ۋە بىر ـ بىرىدىن يىرگىنىش ۋە ئازايتىش، سۈپەتلىكلىرىنى تاللاش دېگەندەك سەپسەتە مەۋجۇت. ئەكسىنچە، ئەشۇ ئاسىيا، ئافرىقا تاغلىرىدا بىپايان تەبىئەت تاشلانغان. ئەنە شۇنداق تاشلانغان تەبىئەتنى ئېچىش ئۈچۈن ئىنسان كېرەك. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئىختىرا كۈچ كويىقاپلىرىنى ئېچىش تىراگېدىك ئورۇش سەۋەبلىرىنى ھەل قىلغۇسى. نوپۇسنىڭ سۈپەتلىك ئاز ـ ساز بولۇشىنى تارىخىي ئەمەلىيەت ئۆزى ھەل قىلىدۇ. ياۋروپادەك مەدەنىيەتلىك ئەللەردە نوپۇس ئاستا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئەركىنلىك، ئىختىيارى تاللاش ۋە جىنسىيەت ئىلمى چۈشەنچىسى تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دەپ ھېس قىلىش مۇمكىن. جانلىقلار دۇنياسىغا قارىساق، يىرتقۇچ گۆشخور مەخلۇقلار ئاز نەسىل قالدۇرىدۇ. ئوتخور مەخلۇقلار كۆپ نەسىل قالدۇرىدۇ. بۇ قاندىكى شەۋقى ھارارەتنىڭ قىزىق ۋە سوغۇقلۇقىنى تېمپېراتۇرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سوئال: سىز «مۇقەددەس تەڭلىمە» ۋە ئەركىنلىك ھەققىدە گەپ قىلدىڭىز. بۇ بويىچە بەزى جاھىل خاتالىق (ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ھامان كۆرسىتىدىغان خاتالىق ئەنئەنىسى) مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى تۈپەيلى، ئۇنى ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات داۋام قىلىۋەرسە، دۇنيا قانداق يېڭىلىنىدۇ؟

جاۋاب: سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزنىڭ ئۆزىدىكى ئاساس قىسمەنلىك، ئۆزگەرمەيدىغان ماكان زامان يوق. ھەتتا ئاسماندىكى قوياش سىستېمىسى ئۆچۈپ ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر يېڭى سىستېما ئىگىلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنسان شەخسىيەت ۋە بىر جىسىم سۈپىتىدە مۇئەييەن بىلىش سىزىم تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ. ھايات ئوتى ئۆچىدۇ، ئۇنى كۆچىدۇ دېگەندىمۇ، ئەشۇ ئۆچۈشنى قوبۇل قىلغان يېڭى جىسىم يالغۇز شۇنىڭدىنلا ئەمەس، باشقا ئۆچكۈچىلەردىن كۆچكەن ئوت زەررىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يېڭى ئەۋلاد ھامان مەلۇم نىسبەتتە يېڭى سۈپەت بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بوۋاي، مومايلار قىياپىتى نەۋرىلەردە كۆرۈنۈشى مۇمكىن. لېكىن مۇتلەق ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، تارىخ ھايات ئىقىمىمۇ ئەمما (نامەلۇم تەڭلىمىلەر) نىڭ يېشىلىۋېرىش جەريانىدۇر. سۇ ئېرىقتىن چۈنەكلەرگە بارغىچە سۈزۈلىۋېرىدۇ.

مۇسەللىمە:

ھۆرمەتلىك خېرىدارىم. يۇقىرىقى يېزىقلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىڭ. ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش، ئايلىنىش قانۇنى بويىچە قەلبىڭىزگە تىنىپ كەتكەن تاۋۇش، ھەرپلەر تەدرىجىي ھالدا ھاياتىڭىزدىكى يېڭى تەسىرلەر بىلەن زەرەتلىشىپ، سىزدە يېڭى ۋە ئۆزىڭىزگە خاس ئىختىراۋى پىكىرلەرگە ئۇنتۇلغان سەۋەب بولىدۇ. بۇ يېزىقلار جىم ـ جىت سەھراسىمان خىلۋەتتە يېزىلدى. ئەمدى سىز ئۇنى شاۋقۇنلۇق شەھەردە ئوقىدىڭىز. گويا دەريادىكى كەلكۈن دەريا بويىدىكى بۇلاقنى تىندۇرۇپ تاشلىدى دەيلى، كەلكۈن دائىم كېلىۋەرمەس. خاتىرجەم ئىقىم ۋاقتىدا بۇلاق ئاستا مەلۇم بولغۇسى.

2001 ـ يىل 10 ـ ماي. قەشقەر.

# ئوچقاندەك ئۆرلەۋاتقان ئوقۇش راسخوتىغا يەنە بەرداشلىق بېرەلەمدۇق ـ يوق؟

شاۋ شۆخۇي

## سىرلىق قۇتنى ئېچىش

«ماتارىپنىڭ كەسىپلىشىشى» بىرخىل مودا ئاتالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ھازىر چاقماقتەك تېز يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىرخىل تاكتىكا. گەرچە، «ماتارىپنىڭ كەسىپلىشىشى»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ نىيىتىنىڭ ماتارىپنىڭ كەسىپلىشىش ئىكەنلىكىگە ئېنىق تەبىر بەرگىنىنى ئاڭلىمىغان بولساقمۇ، بىراق، تېزلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر ئوقۇش راسخوتلىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن قارىغاندا، ماتارىپنىڭ كەسىپلىشىشى گويا كىم تەربىيىلىنىشنى خالىسا، شۇ كىشى مەبلەغ چىقىرىپ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىنى سېتىۋېلىشى كېرەك دېگەنلىكتىن دېرەك بەردى. ناھايىتى تېزلىك بىلەن تەننەرخنى ئۆستۈرۈشكە كەلسەك، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇش خىراجىتىنى «مۇۋاپىق» ئاشۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەر قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىش، ئائىلىلەر «ماتارىپ تەننەرخى»نى كۆپرەك ئۈستىگە ئېلىش ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋەتتى. بۇلتۇر 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا مەملىكەتلىك ماتارىپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش راسخوتى «مۇۋاپىق» ئۆستۈرۈلىدىكەن، ئالىي مەكتەپلەر پىلاندىن سىرت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن، ئائىلىلەر «ماتارىپ راسخوتى»نى كۆپرەك ئۈستىگە ئالارمىش دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. ئەمما، پۇقرالار بۇ خەۋەرلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. بىراق، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر ئوقۇش راسخوتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى چوقۇم شۇنداق قىلماسا بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى.

ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئۆلچەملىك ئوقۇش راسخوتىنى بېكىتىپ چىقىپ، مەكتەپلەرمۇ ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە تۈر ۋە دەرىجىگە ئايرىلىپ، تۈرلۈك نامىلار بىلەن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشتى. ئۆرلىگەن باھا قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى شۇنچە چوڭ ئېچىلدى. بۇ ھەقتە ئىككى مىسال ئالايلى: بىرى، ئىقتىسادى بىر قەدەر قالاق شەنشى ئۆلكىسىدە يېقىندىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان ھەق ئېلىش تۈزۈمىدە، مەكتەپلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر مەۋسۇمدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 800 يۈەن، 700 يۈەن، 400 يۈەن ئوقۇش راسخوتى تۆلەيدۇ. يەنى، ياخشى مەكتەپلەر يىلدا 1600 يۈەن، ئەڭ ناچارلىرى 800 يۈەن يىغىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىتاب ـ ماتېرىيال پۇلى، پارچە ـ پۇرات ھەقلەر ۋە ھەرخىل «يېپى ئۈزۈلمەس» ھەقلەر ئۇچۇن ئوتتۇراھال كىرىملىك خىزمەتچىنىڭ نەچچە ئايلىق ئىش ھەققى كېتىدۇ. چىڭدۇ شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بولسا، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، نامىمۇ تىلغا ئېلىنمايدىغان مەكتەپلەر بۇلتۇر يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغاندا، كەسىپلەرنى «بازىرى ئىتتىك، بازىرى كاسات» كەسىپ دەپ ئايرىپ، 2600 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە ئوقۇش راسخوتى، 2000 يۈەنگىچە پارچە ـ پۇرات ھەق ۋە كىتاب ـ ماتېرىيال پۇلى بولۇپ جەمئىي 4500 يۈەندىن 7000 يۈەنگىچە ھەق يىغىۋالدى. بۇ پەقەت ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن بولغان راسخوت يىغىش ئەھۋالى. يەنە بەزى مەكتەپلەر باركى، ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىغا ئومۇمىي راسخوت 4000 يۈەندىن ئارتۇق دەپ يازىدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ راسخوت بىلەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرەلمەيدۇ، 6000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇرغاندىلا، ئاندىن مەكتەپكە كىرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ تېخى نورمال بولغان راسخوت. مەيلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر بولسۇن، ھەممىسىدە رايون ئايرىغان پىلان ئىچىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە پىلاندىن سىرت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈرلىرى

بار . ئوقۇغۇچىلارنى پىلاندىن سىرت قوبۇل قىلـ
ـىشتا ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ، تو-
لۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغانلار بىر
مەۋسۇمدا 5000 يۈەن ، بىر يىلغا 10 مىڭ يۈەن
ئوقۇش ھەققى تاپشۇرىدۇ دېسەك ، بىر ئايدا 800
يۈەن ئەتراپىدا ئىش ھەققى ئالىدىغان خىزمەتچى
يىمەي ـ ئىچمەي پۈتۈن يىللىق ئىش ھەققىنى
يىغسىمۇ يەتمەيدۇ . ئالىي مەكتەپلەردىكى پىلاندىن
سىرت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەققى ئادەمنى
چۆچىتىدۇ . بىر قېتىملىق قوشۇمچە يىغقان پىلاد-
دىن سىرت قوبۇل قىلىش ھەققى ئاز دېگەندە 30
ـ 50 مىڭ يۈەن ، كۆپ بولغاندا 100 مىڭ يۈەن
بولغان . ئاتالمىش تولۇق ئوتتۇرا ، ئالىي ـ ئوتتۇرا
تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى تەڭ-
شەش ئەمەلىيەتتە راسخوتنىڭ پارتلاش خاراكتې-
رىدىكى ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . كۆڭلىدە
ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان يۇقىرىلار مۇشۇنداق
بىر ئەمەلىيەتكە دۇچ كەلدى .

سىنتەبىر ئايلىرىدا ئاۋۋالقى يىللاردىكىدىن
كۆپرەك بولىدىغان دەرت ـ ئەلەم ، گاڭگىراش ۋە
پۇشايمانلاردىن سۆز ئاچماي تۇرايلى . پەقەت چىڭدۇ
شەھىرى ئەتراپىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر دې-
ياڭدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان 20
نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىن-
غانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلگەن ، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئائى-
لىسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن نەچچە 1000 يۈەن-
لىك ئوقۇش راسخوتىنى چىقىرالماي ، ئوقۇشتىن
ۋاز كېچىشتەك ئازابلىق تاللاشقا دۇچار بولغان .
چوڭ شەھەرگە ئەڭ يېقىن ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى
ئانچە ناچار بولمىغان يەر مۇشۇنداق بولۇۋاتقان ئەھ-
ۋالدا ، يېزىلاردا ، بولۇپمۇ چېگرارايونلاردا نامرات
جايلاردا پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەكتەپكە ياكى تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغان
ئائىلىلەرنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ئەمەلىيەتتە ،
ئاتاقتا مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان باش-
لانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە
ئوقۇش خىراجىتىنىڭ كۆپلىكىدىن نۇرغۇنلىغان ئا-
ئىلىلەر بۇ ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى .
بولمىسا ، قانداق بولۇپ ھەر يىلى مىليونلىغان
باللار ئوقۇشسىز قالىدۇ ، ئوقۇشتىن توختاپ قا-
لىدۇ ؟ !

**باھانى ئۆستۈرۈشنى تەرغىب قىلغۇچى-**
**لارنىڭ پىكرى**

نېمە ئۈچۈن مائارىپنى كەسىپلەشتۈرىمىز ؟
«مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلى-
ۋاتقانلارنىڭ پىكرىچە ، تولۇق ئوتتۇرا ، ئالىي ـ
ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر مەجبۇرىي مائارىپ
كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدىكەن . بىر نەپەر ئاكادې-
مىك قاتتىق ۋە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېگەن :
«ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى ، ئالىي
مائارىپ مەجبۇرىي مائارىپقا تەۋە ئەمەس ، شۇڭا ،
پىرىنسىپ جەھەتتە ئوقۇتۇش راسخوتى كەلگ خەلق
ئاممىسىدىن كېلىدۇ .»

يۇقىرىلار ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان
بېسىمغا ئاساسەن ، مائارىپنىڭ كەسىپلىشىشىنىڭ
مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بولدى . لېكىن ، تەشەببۇس
قىلىۋاتقانلارچۇ ؟ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدە-
كىدەك ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەنچە بەر-
گىنىنى ئاڭلىمىدۇق . بىراق ، يۇقىرى دەرىجىلىك
زاتلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە پىلاندىن سىرت ئو-
قۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، ئوقۇش راسخوتىنى ئۆس-
تۈرۈش قىلمىشىنىڭ بۇ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ «ما-
ئارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش» قارىشىنى ئاشكارىلاپ
قويدى . ئۇلارنىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندا ، نۆۋەتتە
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال قىزغىنلىقى سۇس
بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تاۋارلارنىڭ بې-
سىلىپ قېلىشىدەك ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئاستىدا ،
پىلاندىن سىرت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئو-
قۇش راسخوتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ، خەلق ئام-
مىسىنىڭ مائارىپ ئىستېمالىنى يۇقىرى كۆتۈرگى-
لى بولىدىكەن ؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مائارىپنى قو-
بۇل قىلىش ، جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئوقۇش
بىلەن ماگىزىنغا كىرىپ مال سېتىۋېلىشنىڭ
ھېچقانداق پەرقى يوقكەن . چۈنكى ، مال سېتىۋال-
سىڭىز پۇل تۆلەيسىز ـ دە . ئەمما ، جۇڭگودا ئادەم
كۆپ ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىغىمچانلىق دەرىجى-
سى چەكلىك . 10 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس نام-
رات ، ھەتتا ھەر يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان
نۇرغۇن كىشىلەر ئايىقى ئۈزۈلمەستىن نامراتلار
قوشۇنىغا قېتىلىۋاتىدۇ . يەنە نۇرغۇن ئائىلىلەر
بەكلا نامرات بولغانلىقتىن ، ئىش ئورنىدىن قالدۇ-
رۇلغانلار ۋەياكى ئىشسىزلار ستاتىستىكا سانىغا
كىرگۈزۈلمىگەن . ئۇلار كېلەر يىلنىڭ ئوزۇقىنى
بۇ يىل يەپ بولۇپ ، ناھايىتى قىيىنچىلىق بىلەن
تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ، ئا-
لىي مەكتەپلەردە تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرال-
ماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت . بۇ «تەمىنلەش بې-
لەن ئېھتىياج» نىڭ مۇناسىۋىتى «ساتقۇچى بىلەن
سېتىۋالغۇچى»دىن مۇقەررەر ئۈستۈن تۇرىدىغانلى-
قىنى ، باھانىڭ داۋالغۇشى پەقەت ئۆرلەيدىغان ، لې-
كىن تۆۋەنلىمەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ، ساتقۇ-
چىنىڭ ھەممىنى مونوپول قىلىۋالغانلىقىنى ئېنىق

www.uyghurkitap.com



چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئاتال-
مىش ئالىي مائارىپ ـ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش باھا
دائىرىسىگە كىرمەيدىغان «مائارىپ ئىستېمالىدىكى
ئېسىل تاۋار» بولغانىكەن ،ئۇنداقتا ئالىي مەكتەپ-
لەرگە (ئەمەلىيەتتە تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالمايدۇ ) كىرىپ ئوقۇش ، خۇددى ھەشەمەتلىك
داچا سېتۋېلىش ، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئېتىپ
يېقىش ، دىسكوخانىلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىش ،
پارمۇنچىسىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۇۋۇلىتىش ، ئۆز مەي-
لىچە قاقتى ـ سوقتى قىلىش بىلەن باراۋەر ، خالا-
س . سىلىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، يەنە مەنپەئەتكە
ئېرىشكۈچىلەر مەبلەغ تەلىماتى ، تەننەرخ تەلىما-
تى ، ئالاھىدە ئېتىبار باھا تەلىماتى قاتارلىقلار بار .
مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىلەر تەلىماتىدا ، ئالىي مائا-
رىپ بويىچە ئەڭ چوڭ مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىلەر
ئالىي تەربىيە ـ ئالىي مائارىپ قوبۇل قىلغۇچىلار-
نىڭ ئۆزى ، ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرۇش ـ شەخ-
سىيلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن سال-
غان مەبلىغى دەپ قارىلىدۇ . ئالىي مائارىپنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى-
نىڭ قۇرۇلۇشى ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سال-
غان مەبلىغىمۇ ؟ ئۇلار بۇ توغرىلىق ھېچ نېمە دې-
گىنى يوق ؛ تەننەرخ تەلىماتىدا ، ئالىي مائارىپ
بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق
خىراجىتى 20 مىڭ يۈەن دېيىلگەن . باھا ئۆستۈ-
رۈلگەندىن كېيىنكى 3000 ـ 5000 يۈەنگىچە بول-
غان ئوقۇش خىراجىتى ئالاھىدە ئېتىبار پرىنسىپى-
دا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىمىغان . دېمەكچى بولغىنى ،
باھانىڭ يېتەرلىك ئۆسمىگەنلىكىدە . بىراق ، ئو-
قۇش خىراجىتى بىلەن تەننەرخ باھانى سېلىشتۇر-
غاندا ، كۆرسىتىلگەن ئۆلچەملىك ئوقۇش خىراجى-
تىدىن تاشقىرى يەنە تاپشۇرىدىغان باشقا قوشۇمچە
خىراجەتلەر ئەمەلىيەتتە ئوقۇش خىراجىتىدىن تۆ-
ۋەن ئەمەس . يەنە مەخسۇس پايدا ئېلىش ئۈچۈن
ئاچقان ياردەم پۇلى ، نومۇرنى تۆۋەنلىتىش پۇلى ،
«بازارلىق كەسىپ» پۇلى قاتارلىقلار ئەسكەرتىپ
قويۇلمىدى . ھەق يىغىش ئۆلچىمىدە يۇقىرىقىلار-
دىن باشقا ، يەنە ناھايىتى قىزىق بولغان تەلىمات ـ
تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بىر ئېقىمدا مې-
ڭىش تەلىماتى بار .

**قاراپ باقايلى ، باشقىلار قانداق قىلدى-
كىن؟**

يېقىنقى نەچچە 10 يىلدىن بېرى ، دۇنيادىكى
بىر نەچچە داڭلىق ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ كە-
سىپلىشىش سىنىقىنى ئېلىپ باردى . بىراق ، بۇ
سىناقلار ئەنئەنىۋى ئالىي مەكت[illegible]پ ئىدىيىسى ۋە
مەكتەپ قۇرۇشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش
شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىپ ، ئالىي مەكتەپلەر-
نىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى زورايتتى ھەمدە «ئىل-
گىرىكى نەتىجىلىرى بىلەن مەغرۇرلانماي ، كەلگۈ-
سىگە نەزەر تاشلاش» ئاساسىدا ، ئالىي مەكتەپلەر-
دىكى ئەقىل ـ پاراسەت ئۈستۈنلىكىدىن تولۇق پاي-
دىلىنىپ ، كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ،
دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ، سانائەتنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە شۇ رايوننىڭ ئابرويىنى
ئۆستۈرۈشكە ھەسسە قوشالايدىغان قىلىشتەك ئۇ-
لۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى . شۇڭا ،
ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت باغچىسى ئې-
چىپ ، ئۆزىنىڭ مائارىپى ، پەن تەتقىقات نەتىجىلى-
رى بىلەن سانائەت باغچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىككى تەرەپلىمە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۆز ئارا ئىل-
گىرى سۈردى . ئەمدىلىكتە ، بۇرۇنقى مېۋىلىك
باغچا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تېخنىكا ۋە
ئىلىم ـ پەن زىچلىقى بىلەن تولغان سانائەت ئېچى-
ۋېتىلگەن رايونغا ـ دۇنيادىكى داڭلىق سىلىتسىي
جىلغىسى پەن ـ تېخنىكا سانائەت باغچىسىغا ئايلان-
دى . ئۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش
ـ ياساش مەركىزى بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىلىم ـ
پەنگە ، تېخنىكا ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى تو-
پەيلىدىن ، ئامېرىكا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى تېخ-
نىكا سانائىتىدە ، ھەر بەش نەپەر يېڭىدىن ئىشقا
ئورۇنلاشقانلارنىڭ بىر نەپىرى سىلىتسىي جىلغى-
سىدا ئىشقا چۈشكەن . شۇ سەۋەبتىن ، ستانفورت
ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى-
لار ئۈچۈنمۇ كۆپلىگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسى-
تى يارىتىپ بېرىلگەن . ماسسا چۇس تەبىئىي پەن
ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي ئى-
گىلىك ۋە دۆلەت ئىقتىسادى جەھەتتە بوشلۇق ھا-
سىل قىلىش ئۈچۈن ، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە قۇرۇلۇش مائارىپى بىلەن تەبىئىي
پەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىنى زىچ بىر-
لەشتۈرۈپ ، تەتقىقات دائىرىسىنى كېڭەيتتى . مە-
سىلەن : ئوتتۇراھال كىرىمى بارلارنىڭ تۇرار جاي
مەسىلىسى ، يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىشلە-
تىلىشى ، ئىشلەپچىقىرىش ئىسلاھاتى ، ئىنسانلار-
نىڭ زېھنى قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قا-
تارلىقلار . بۇ تۈرلەر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات قىممىتىگە ئىگە . ماسسا
چۇس تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇ-
تى بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى مەركەز قىلىپ
قۇرۇلغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم ـ پەن تەتقى-
قات مەركىزى ، مەكتەپ ھالقىغان تەجرىبىخانىلار ،

زاۋۇت ـ كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك تۇغرا لىنىيىلىك ئالاقە ئورنىتىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور بولغان بوستون مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەيلى ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى بولسۇن، ياكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ماسسا چۇس تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىك ھالدا ئىزدىنىپ چىققان مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش يولى ـ ئۇلارنىڭ پەن ـ تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى سانائەت تەتقىقات ۋە تەرەققىيات مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقالىغانلىقىدا؛ سانائەت بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلالىغانلىقىدا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلالىغانلىقىدا.

## بىر نەچچە سانلىق مەلۇمات

ئالىي مائارىپ زور مەبلەغ بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان كەسىپ. شىمالىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئاساسەن ھۆكۈمەت مالىيىسىنىڭ قوللىشىغا تايىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ راسخوت مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىنىڭ قاتنىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىشىدىن سىرت، يەنە ئوقۇغۇچىلارمۇ مەلۇم راسخوتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. لېكىن، ئالىي مائارىپ ئىمكانقەدەر ھەربىر پۇقرا ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان جامائەت پاراۋانلىق كەسپى بولغاچقا، راسخوت يىغىش مەسىلىسىدە، قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن تەربىيىلىنىش ھەققى يىغىش، قانداق قىلىپ مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ پۇل يىغىۋېلىپ پايدا ئېلىشنى ئويلىماي، ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئادەتتىكى ئىقتىسادىي بەرداشلىق كۈچىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئىتالىيىدە، ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى بىر يىلدا 300 مىڭ لىراغا يېقىن ئوقۇش راسخوتى تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىدا، يەنە بىر قىسمى ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنمايدۇ ياكى بىر قىسمى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. نامرات ئائىلە دېگەن قانداق؟ ئىتالىيىنىڭ 1986 ـ يىلىدىكى 41 ـ نومۇرلۇق قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، بىر ئائىلىدە يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم بىر نوپۇسنىڭ (ئائىلە ئەزاسىنىڭ) 5 مىليون 474 مىڭ لىرادىن؛ ئىككى كىشىنىڭ 9 مىليون 86 مىڭ لىرادىن؛ ئۈچ كىشىنىڭ 11 مىليون 682 مىڭ لىرادىن؛ يەتتە كىشىدىن يۇقىرىلارنىڭ 20 مىليون 554 مىڭ لىرادىن كەم بولسا، بۇ ئائىلە نامرات ئائىلە قاتارىغا كىرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، 300 مىڭ لىراغا يېقىن ئوقۇش راسخوتى نامراتلىق ئۆلچىمىنىڭ پەقەت 5.5 پىرسەنتىدىن 10.2 پىرسەنتىگىچە بولغان بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئەڭ تۆۋەن نىسبىتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلالايدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ئوقۇش راسخوتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئامېرىكىدا، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تۆت يىللىق، ئىككى يىللىق ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەردىكى تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەردە ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ يىللىق ئوقۇش %11.3، %5.2 ۋە 50.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش راسخوتى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنلىكتىن، نۇرغۇن ئائىلىلەر بېسىم ھېس قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى ئادەتتىكى ئائىلىلەرمۇ قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامراتلىق سەۋەبىدىن ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆپلىگەن مۇكاپات تۈرلىرى ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لېكىن، دۆلىتىمىزدە ئوقۇش خىراجىتى ئۆسۈشتىن بۇرۇنقى 1998 ـ يىلغا قارايدىغان بولساق، ئوقۇش راسخوتى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئوقۇش بەدەل پۇلى، كەسىپنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تۆۋىنى 1700 يۈەن، يۇقىرىسى 4000 يۈەن بولۇپ، شۇ يىلقى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ %40 ـ %85 نى ئىگىلىگەن. بۇ نۇرغۇن كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان سان، ئوقۇتۇش تەننەرخى ئۆسكەنلىكىدىن كۆپ بولغاندا 7000 ـ 8000 يۈەنلىك ئوقۇش بەدەل پۇلى 1998 ـ يىلىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى، يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ %

250 ـ 300% نى ئىگىلەيدۇ . بۇ يەنىلا «نورمال» بولغان ھەق يىغىش ئىدى .

**مۇشۇنداقمۇ «خەلقئارا ئېقىم» غا ئەگىشىش بولامدۇ؟**

دۆلىتىمىزدە «مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش» نى تەكىتلەۋاتقانلار ۋە قوللىغۇچىلار خەلقئارا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ دېموكراتىك يۆنىلىشىگە قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش راسخوتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ تۆۋەن نىسبىتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىدەك ھەقىقەتكە كۆزىنى يۇمۇۋالدى . ئەمما، دۆلىتىمىزدە ئوقۇش خىراجىتى ھەربىر ئوقۇغۇچىنى تەربىيلەش راسخوتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ (بۇ نىسبەت نورمال ھەق ئېلىش نىسبىتى بولۇپ، قوشۇلغان باھا ۋە نورمالسىز ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) . بۇ ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئىگىلىگەن تەربىيلەش تەننەرخ نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇلار دۆلىتىمىزدە ئوقۇش راسخوتى ئۆلچىمى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر سەۋىيىسىگە يەتتى، «خەلقئارا ئېقىم» بىلەن بىرگە ماڭدۇق دەپ كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، ئوقۇش راسخوتىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاقلاشتى . دۆلىتىمىزدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم باشقىلاردىن نەچچە 10 ھەسسە تۆۋەن تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى كېلەڭسىز، مائارىپ سەرپىياتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىنىشى ناچار، ئىسراپچىلىق ئېغىر، مائارىپتا ساپا مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئارتۇقچە شتاتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقىرى راسخوتلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئوقۇتۇش ساپاسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئويلىماي، پەقەت راسخوت يىغىش، ھەق ئېلىشنى باشقىلار بىلەن بىر «ئېقىم» دا ماڭغانلىق دەپ قاراش ـ بۇ بىر ھاماقەتلىك، دىتسىزلىق . ئەڭ دۇرۇس بولغىنى ـ دۆلىتىمىزدە «مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش» نى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى كېڭەيتىش، ئەقىل ـ پاراسەت ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ھەسسە قوشۇش (ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق رولىنى ئۆزگەرتىپ، ئالىي مائارىپنى ئېسىل ماللار دەسمايىسى قىلىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئامالىنىڭ بارىچە كۆپلەپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلىش .

بەزى ئالىي مەكتەپلەر ئۆز «رولى» نى جارى قىلدۇرۇپ، نومۇر تۆۋەنلىتىش ھەققى، بازارلىق كەسىپلەرنى تاللاش ھەققى تۇرغۇزۇپ، ئالىي مائارىپنى كىم ئاشتى قىلىپ ساتىدىغان كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ قويدى . نەتىجىدە كىم يۇقىرى باھا تۆلىسە، شۇنىڭغا تەربىيلىنىش پۇرسىتىنى ساتتى . شۇنداق قىلىپ، مائارىپنىڭ كەسىپلىشىشى بىر دانە توقماقتا ئايلىنىپ قىلىپ، نامراتلارنىڭ شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىيالىنى رەھىمسىزلەرچە گۇمران قىلدى . ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، «مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈش» نى تەرغىب قىلغۇچىلار (تەننەرخنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار) ئاساسلىقى بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلار ۋە مائارىپچىلار ئىكەن .

ئىقتىسادشۇناسلىق ـ دۆلىتىمىزدە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدە تەسىرى چوڭ بولغان پەن . بۇ ساھەدە دەرۋەقە، بىر قىسىم گۇمانتارلىق تەربىيە ۋە ئىنسانىي تۇيغۇسى بار ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملار بار . ئۇلار مەسىلىلەرگە نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي نەزەر بىلەن قارىماستىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېتىبار قىلغان ئاساستا، ئادەملەرنىڭ ياشاش ھالىتى، جەمئىيەتنىڭ خالىس مەسىلىلىرىگىمۇ باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئەمما، سىياسەت بەلگىلەشتە زور تەسىرى بارلىرى پەقەت گۇمانتارلىق ئىدىيىدىكى ئىقتىسادشۇناسلار بولماستىن، بەلكى باشقا بىر خىل «غەرەزسىز» ئىقتىسادشۇناسلاردۇر . بۇلارنىڭ مۇھىت شارائىتى ياخشى، ھەممىشە ئويلايدىغىنى مەنسەپ بولماستىن، بەلكى «پۇل» بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئاجىز جامائەتچىلىكىگە ھېسداشلىق قىلىش، ئىجتىمائىي ئادىللىققا ئېتىبار بىلەن قاراش دېگەنلەر بەكلا سۇس، نەزەرى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، پۇقرالار تۇرمۇشىنىڭ غۇربەتچىلىك ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىپ باقمايدۇ . قانداق قىلغاندا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتكىلى، قانداق قىلىپ ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . پۇقرالارنىڭ ئىستېمال قىزغىنلىقىنىڭ سۇس بولۇشى ھەم ئوتتۇرىچە دارامەتنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكى، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدەك تۈپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىل-

ماي ، ئىستېمالدىن كېيىنكى ئەندىشىلەرنى تۈگە-
تىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ، كۆزلىرىنى يۇقىرا-
لارنىڭ چۈنتىكىگە تىكىشتى . ئېيتىشىچە ، جۇڭگودىكى
ھەرقايسى بانكىلاردا شەخسىيلەرنىڭ پۇل ئامانىتى
«50 تىرلىيون» يۈەنگە يەتتى دەپ جار سالدى .
ئەمەلىيەتتە ، بۇ سان 1 مىليارد 300 مىليون ئادەم
بېشىغا چاچقاندا ، 4000 يۈەنگىمۇ يەتمەيدۇ ، مۇن-
داقچە ئېيتقاندا ، دۆلىتىمىزدە باي ـ كەمبەغەللىك
پەرقى ناھايىتى زور ، بۇ پۇل ئامانىتىنىڭ كۆپ
قىسمى ئاشۇ بايلارنىڭ ، ئادەتتىكى يۇقىرالارنىڭ
قول ـ ئىلكىدە ھېچقانچە نەرسە يوق . بۇ ئادەتتىكى
ھېساباتنى ئىقتىسادشۇناس ئەمەسلەرمۇ ھېسابلاپ
چىقالايدۇ . بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلار بۇ نۇقتى-
نى چۈشەنمەيدىغاندەك ئۇقۇش خىراجىتىنى ئۆستۈ-
رۈپ ، «ماتارىپ ئىستېمالى» نى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ . داۋالىنىش ، ياشان-
غاندا بېقىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلاردا ئەندىشە قى-
لىۋاتقان يۇقىرالار ئۈچۈن ، بۇ دەرد ئۈستىگە دەرد
قوشقاندەك بىر ئىش .

ئەڭ چاتاق يېرى ، تۆۋەن ئىستېمال شارائىتى-
دا ياخشى بىر تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقال-
ماي ، نەزەرىنى ماتارىپ ساھەسىگە ئاغدۇرۇۋاتقان
بۇ بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ماتارىپنىڭ
خاراكتېرى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى ناھايىتى
كەمچىل . بۇلار ماتارىپنىڭ نوقۇل ھالدا ئىقتىسا-
دىي كۆز قاراش بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلى-
قىنى ، ئالىي ماتارىپنىڭ ئۆزىگە خاس جامائەت
پاراۋانلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەتئىي
چۈشەنمەيدۇ . مانا بۇ خىل خاراكتېر ماتارىپنىڭ
قەتئىي تاۋار ئەمەسلىكىنى شەرھىيلەپ بېرىدۇ .
بىراق ، بۇ بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ئۈچە-
غا چىققان لوگىكىلىق قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا ،
مەجبۇرىي ماتارىپ كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدىغانلى-
رىنىڭ ھەممىسى تاۋار ھېسابلىنىدىكەن . لېكىن ،
ئۇلار ماتارىپ سېلىنمىسىنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبى-
تىنى ھېسابلاشتا ، پەقەت تەربىيىلەش دەرىجىسى
بىلەن كىرىمنىڭ تامامەن ئوڭ نىسبەت بولىدىغان-
لىقىنى ئاساس قىلىپ ، يېنىكلىك بىلەن : «شەخ-
سىيلەر ـ ئالىي ماتارىپ بويىچە ئەڭ كۆپ پايدىغا
ئېرىشكۈچى» دەپ ھۆكۈم چىقارغان . دەرۋەقە ،
تەربىيىلىنىش دەرىجىسى بىلەن كىرىمنىڭ ئوڭ
نىسبەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ ، بۇ مەنىدىن
ئېلىپ ئېيتساق ، ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرۇش ،
شەخسىيلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سالغان مەبلىغى
دېگىلى بولمايدۇ . شۇڭلاشقا ، ئالىي ماتارىپمۇ بىر
مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سالغان مەبلىغى ھې-
سابلىنىدۇ . ئالىي ماتارىپنىڭ تەربىيىلىگۈچىلەرگە
جاۋاب قايتۇرۇش نىسبىتىنى مۆلچەرلەش ئوڭاي
بولغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇ-
رۇش نىسبىتىنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس . ئالىي
ماتارىپنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى قىممىتىنى ساق-
لاش ، يۇقىرالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈ-
رۈش ، بىلىم زاپىسى ، بىلىم يېڭىلانمىسى ۋە ئىخ-
تىرا قىلىش قاتارلىق رول‌لىرى بار . ئالىي ماتا-
رىپنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كەسىپ بىلەن
سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ، ھەرقانداق بىر كەسىپ
ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ .

بىر جەمئىيەتتە ، ئەگەر ماتارىپنىڭ يۇقىرىقى-
دەك ئىقتىدارىدىن بىرى كەم بولسا ، شۇ جەمئى-
يەتتە ھېچقانداق ئۈمىد بولمايدۇ . ئەمما ، بۇ تۆھپە-
لەرنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس . نوقۇل ئىقتىسا-
دىي قاراش ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەت بىلەن
قارىغاندىمۇ ، ئالىي مەكتەپنىڭ جەمئىيەتكە جاۋاب
قايتۇرۇش نىسبىتى شەخسىيلەرنىڭكىدىن ئاز بولۇ-
شى مۇمكىن . ئەمما ، ئالىي ماتارىپ ئىجتىمائىي
ئىگىلىككە ئۇزۇن مۇددەت تەسىر كۆرسىتىدۇ ، بۇ
خىل تەسىر ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى
بەلگىلەش بەكمۇ قىيىن . ئىلىم ـ پەن ئىشلەپچى-
قىرىش سىستېمىسىنىڭ يۈرىكى ۋە مېڭىسى بولۇ-
ۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق . بۇ ئەمەلى-
يەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ، 80 ـ يىللاردىكى
ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ تالانت بايلىقى ۋە
تالانتلىقلارنى تەربىيىلەش جەمئىيىتىنىڭ رىياسەت-
چىسى ۋۇرف مۇنداق دېگەن ؛ «يۇقىرالارنىڭ مېڭى-
سى دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىنى شەكىللەندۈرى-
دۇ ، ئامېرىكىغا ئوخشاش مۇشۇنداق دۆلەتتە ، ئەڭ
ياخشى مېڭىنى بايقاش ۋە ئىشلىتىشتىن باشقا ھېچ-
قانداق تاللاش يوق» . بۇنداق كۆز قاراشنى دۆلى-
تىمىزنىڭ تەدبىر ـ سىياسەت بەلگىلىشىگە زور
تەسىرى بار بولغان ئىقتىسادشۇناس مۇشاۋۇرلى-
رىدىن ئەسلا تاپقىلى بولمايدۇ .

(«سېرىق تەنلىكلەر» ژۇرنىلى) دىن ئابدۇرېھىم نەۋرۇز تەرجىمىسى

# يالتا كېلىشىمى ۋە جۇڭگونى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتى

سوتاڭ ( Tsou Tang)

يالتا يىغىنى ئەينى چاغدا دۇنيا ۋەزىيىتىنى بەلگىلىگەن چوڭ يىغىن، بۇ ھەقتە بىز نۇرغۇن سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما، ئۇ ھەقتە تولۇق بىر ئىلمىي ماتېرىيال كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن تونۇشىمىز تولۇق بولۇپ كەلگەن. 2001 ـ يىل 31 ـ مارتتا «شىنجاڭ گېزىتى» دە: «شاڭخەي تەرجىمە گېزىتى» ئېلان قىلغان «ئۇچ چوڭ باشلىقنىڭ نەۋرىلىرى 56 يىلدىن كېيىن جەم بولماقچى» دېگەن ماقالىسىنى بەرگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ كەڭرەك بىر ئىلمىي ماتېرىيال بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى خەۋەرلەندۈرۈش خىيالىمىزغا كەلدى ـ دە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ۋاڭنىڭ تەرجىمە قىلغان ۋە شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەغلۇبىيىتى» دېگەن كىتابتىن تۆۋەندىكى ئارىيىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق.

## 1. يالتا يىغىنى

سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتادا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋەزىيىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزگەن. يىغىنغا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىيىتىنىڭ رەئىسى ستالىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل ھەم ئۈچ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى، باش شتاب باشلىقلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى قاتناشقان.

يالتا يىغىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھىم خەلقئارا يىغىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىشى بۇنىڭدىكى ئەڭ زور تەسىر قوزغىغان مەسىلە. شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا كېيىن يۈز بەرگەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. يالتا يىغىنىدا چىقىرىلغان بىر قاتار قارارلار ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنى جازالىشىغا پايدىلىق بولغان. يىغىندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتى مەسىلىسىدىكى ئوخشاشمىغان مۇددىئا ۋە زىددىيەتلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋەزىيىتى يالتا يىغىنىدا بەلگىلەنگەن، دەپ قەيت قىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا روزۋېلت، ستالىن ۋە چېرچىل مۇزاكىرىلىشىش، پىكىرلىشىش ئارقىلىق، زور خەلقئارا مەسىلىلەردە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلغان ۋە يالتا تۈزۈلمىسى ئورنىتىش ئارقىلىق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرغانىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھەمكارلىق، ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ تىركىشىدىغان ۋە تەسىر كۈچ دائىرىسى تالىشىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق تۈزۈلمە پەيدا بولدى

## 2. يالتا كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى

شۇ چاغدا جۇغراپىيىلىك سىياسى ئامىللار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئىلگىرىلىشىنىڭ ھەرقانداقىدا جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلەپلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى دېگەندىن كۆرە،

ئامېرىكىنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسىگىلا ئۇچرىدى دې-
گەن تۈزۈك.

ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش جۇڭگودىن ئەمەس،
ئامېرىكىدىن چىقىدىغانلىقىتىن سوۋېت ئىتتىپاق-
ىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى جۇڭگونىڭ قو-
شۇلۇشى ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ يول قويۇشىغا باغ-
لىق ئىدى. جۇڭگونىڭ مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە
بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتى-
پاقى چوقۇم ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بىلا-
ين ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى سىۋىنبۇرنىنىڭ بۇ
ئۆلكىلەرنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئېتىراپ قىلمى-
غاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار-
دىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا سى-
تالىننىڭ تاكتىكىسى ئېنىقكى جۇڭگونى ئۆزىنىڭ
تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن ئىلگىرى
بۇ تەلەپلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرى-
شىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئامېرىكىغا
بېرىدىغان «ھەق» قى ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى، جۇڭگوغا بېرىدىغان
«ھەق» قى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاپالىتىنى
قوللاش ئىدى. ئامېرىكا ۋە جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقان-
دا، ئۇنىڭ كاپالىتىدىن تەلىپىنىڭ سالمىقى ناھا-
يىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ خەيرلىك ياكى رەزىللىك
جەھەتتىكى قابىلىيىتى كىشىنى ئەيمەندۈرىدى-
غاندەك قىلاتتى. سۆھبەتتە مەيلى ئامېرىكا ۋەياكى
گومىنداڭ جۇڭگوسى بولسۇن، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى
رەت تىلماسلىق خىيالىدا بولمىدى. ئامېرىكا ئۇنى
قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇپ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى
قويۇشقا ئورۇندى، جۇڭگو بولسا ئۇنىڭ شەرتلىرى-
نى يۇمشىتىشقا تىرىشتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز مەقسى-
تى ئۈچۈن تېخىمۇ قەتئىي كاپالەت بەردۈرۈشكە
تىرىشتى.

1944 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، ستالىن خارىمان
بىلەن سۆھبەتلەشكەندە گېرمانىيىنى مەغلۇپ قى-
لىپ ئىككى ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇرۇشقا قاتنىشى-
دىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. ئەمما، ئۇ تۇنجى قې-
تىم ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن بۇرۇن كىشىلەرگە ئۆ-
زىنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش
خىيالىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.
1944 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر خارىمان ستالىن-
دىن روسىيىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقاندا
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قانداق سىياسىي مەسىلى-
لەر بارلىقى توغرىسىدا سوئال سورىدى. ستالىن
كۇرىل تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ساخالىن ئارى-
لى روسىيىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى كېرەك دېدى.
ئۇ لۈيشۈن، دالىيەن ۋە يېقىن ئەتراپتىكى رايون-
لارنى ئىجارىگە ئېلىش ئويىدا ئىكەنلىكىنى، ئوت-
تۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى ئىجارىگە ئېلىش ئۈمىدى-
دە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ «تاشقى موڭغۇلىيى-
نىڭ ھازىرقى ھالىتى ـ تاشقى موڭغۇل جۇمھۇرى-
يىتىنى بىر مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە ئېتىراپ
قىلىشى» نى تەلەپ قىلدى.

يالتا يىغىنى مەزگىلىدە، 8 ـ فېۋرال ستا-
لىن روزۋېلت بىلەن كۆرۈشتى، ستالىن ئۆزىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىكى زۆ-
رۈر بولغان سىياسىي شەرتلەر توغرىسىدا مۇزاكىرە
قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ
خارىمان بىلەن بولغان سۆھبىتىنى ئېيتتى.
روزۋېلت ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئازايتىشقا تىرىشىپ،
ئۆزىنىڭ دالىيەننى خەلقئارا ئەركىن پورت قىلىش-
نى تېخىمۇ خالايدىغانلىقىنى ھەمدە جۇڭگو ـ سو-
ۋېت بىرلەشمە كومىتېتى قۇرۇپ مانجۇرىيە تۆمۈر
يولىنى بىرلىكتە باشقۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.
ئىككى كۈندىن كېيىن مولوتوف خارىمانغا بىرپار-
چە كېلىشىم لايىھىسىنى تاپشۇردى. ئۇ ستالىننىڭ
تەكلىپىنىڭ روزۋېلتنىڭ پورت ۋە تۆمۈر يول مە-
سىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدىكى ئارزۇسى
ئەمەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئىدى. شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن ستالىن بىلەن روزۋېلت كېڭە-
شىپ، لۈيشۈننى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجارىگە ئال-
دىغان، دالىيەن خەلقئارانىڭ نازارەتچىلىكىدە ئەر-
كىن پورت بولىدىغان، مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى
جۇڭگو ـ سوۋېت بىرلەشمە كومىتېتى باشقۇرىدى-
غان بولدى. لايىھىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدا
سوۋېت ئەمەلدارى روسىيىنىڭ دالىيەن پورتى ۋە
تۆمۈر يولدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇشى تەلەپ
قىلىنغان ئىككى جۈملە كىرگۈزۈلدى. يەنى سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پورت ۋە تۆمۈر يولدا «ئەڭ
ئالىي مەنپەئەتى» گە كاپالەتلىك قىلىش بەلگىلەن-
دى. روزۋېلت ستالىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇزاكى-
رىلەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە
قوشۇلدى. لېكىن بۇ ئىككى جۈملە سۆز ستالىن-
نىڭ جۇڭگوغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇشىنى
باھانە بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن روزۋېلت
قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن دەپ ئويلىغان تەلەپلەردىن
ئېشىپ كەتتى.

1945 ـ يىل 11 ـ فېۋرال يالتا كېلىشىمىدە
ستالىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا روزۋېلتنى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تەلەپلىرىنى «سۆزسىز قاندۇرىدى-
غان» لىقىغا كاپالەت بەرگۈزدى. بۇ بەلگىلىمە
ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تە-
لەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. روزۋېلت

بۇ خىل مەجبۇرىيەتنى ئازايتىشقا تىرىشىپ مۇنداق
سۆزنى قىستۇرۇش تەكلىپىنىلا بېرەلىدى : «ھەم-
مىگە مەلۇم ، يۇقىرىقى ھۆججەتتە ئۇتتۇرىغا قويۇل-
غان پورت ۋە تۆمۈر يول توغرىسىدىكى كېلىشىم-
لەردە چوقۇم جىياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلى-
شى كېرەك» . بۇنىڭغا ستالىن قوشۇلدى . بۇ مە-
سىلىلەردە چوقۇم ماقۇللىقىنى ئېلىش كېرەك ئى-
دى . بۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇ-
لىيىگە بولغان تەلىپىنى يوشۇرۇپ قالالايتتى . ستا-
لىن بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى ، ھەمدە ئەگەر غەربتىكى سوۋېت ئىتتى-
پاقى ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجراتقىلى بو-
لىدىغانلىقى ۋە يىراق شەرقكە 25 دىۋىزىيە يۆتكى-
مەيدىغانلىقى ، ئۇنداقتا بۇ مەسىلىلەردە جىياڭ جيې-
شى بىلەن سۆھبەتلىشىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى .
شۇڭلاشقا يالتا كېلىشىمى 6 ـ ئايغا بارغاندا ئاندىن
جۇڭگوغا ئاشكارىلاندى . ئۇ چاغدا ستالىن پۇرسەت
پىششىپ يېتىلدى دەپ قارىغانىدى .

## 3 . يالتا كېلىشىمىنىڭ ئىجرا قى-لىنىشى

28 ـ ماي ستالىننىڭ خوپكىنس بىلەن كۆ-
رۈشكەندە ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا تىنچ ئوكيان ئۇ-
رۇشقا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەر-
گەنلىكى ھەم جىياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونىڭ رەھبە-
رى بولۇشى ، جۇڭگونى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ،
بولۇپمۇ مانجۇرىيىنىڭ زېمىن ۋە ھوقۇق پۈتۈنلى-
كىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن
كاپالىتىنى تەكىتلىگەنلىكى ، كونكرېت ۋە قەتئىي
كاپالەت بەرگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە . ئۇ يالتادا
ئېيتقان سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى .

9 ـ ئىيۇن ترۇمىن زۇڭتۇڭ شەخسەن ئۆزى
سۇڭ زىۋېنغا ستالىننىڭ كاپالىتى ۋە يالتا كې-
لىشىمىنى ئېيتتى . ترۇمىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئا-
ساسەن بىرقانچە كۈندىن كېيىن باش ئەلچى خېرلى
جىياڭ جيېشى بىلەن ئوخشاش مەسىلىنى سۆھبەت-
لەشتى . ترومىن جىياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ زىۋېنغا
ئېنىق قىلىپ ، روزۋېلت روسىيە ياپونغا قارشى
ئۇرۇشقا قاتناشسىلا ئامېرىكا ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى
قوللاشقا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭمۇ بۇ نۇق-
تىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . سۇڭ زىۋېن سو-
ۋېتنىڭ مۇددىئاسىغا قارىتا ھېچقانداق خام خىيالدا
بولمىدى . ئۇ ئاستىرتتىن زۇڭتۇڭنىڭ باش مەسلى-
ھەتچىسى ، دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى ۋىلیام لاخېگە
ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆز قارىشىنىڭ جۇڭ-
گونىڭ روسىيىنىڭ يالتا كېلىشىمىدىكى مۇمكىن
بولغان دائىرە ئىچىدە مانجۇرىيىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ، جۇڭگونىڭ يېتەر-
لىك ھەربىي كۈچنى قولغا كەلتۈرەلىسىلا كېيىنكى
500 يىلدا ھەربىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق تالاش ـ
تارتىشلارنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . سۇڭ
زىۋېن بىلەن جىياڭ جيېشى يالتا كېلىشىمىدە ئىش-
لىتىلگەن «ئەڭ يۇقىرى مەنپەئەت» سۆزىنىڭ مە-
نىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . بىراق ئۇلارنىڭ
قىزىقىدىغىنى ستالىننىڭ جىياڭ جيېشىنى قوللى-
شى ۋە مانجۇرىيە ھەققىدىكى كاپالىتىدىن ئىبارەت
ئىدى . ئۇلار يەنە جۇڭگونىڭ يالغۇز سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن
ئامېرىكىنى قالقان قىلىپ ئامېرىكىنى جۇڭگو مەز-
پەئەتىنى قوغدىغۇچىسى قىلىش زۆرۈرلىكىنى تو-
نۇپ يەتكەن ئىدى . 5 ـ ئىيۇن سۇڭ زىۋېن ئامېرى-
كىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ستېتتىنىيۇسقا
جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن
قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن بىر پۇرسىتى ئامېرىكا بىلەن
كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تى .

مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا سۇڭ زىۋېن 30
ـ ئىيۇن موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن سۆھبەت-
لەشتى . ستالىن باشتىلا سۇڭ زىۋېنغا سوۋېت بى-
لەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى دوستلۇق شەرتنامىسى تۈ-
زۈشتىن بۇرۇن تېخى ھەل قىلىنمىغان بارلىق مە-
سىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىشنى ئېنىق
ئېيتتى . كېيىن ئۇ ، يۇقىرىقىلارنى بىر قانچە قې-
تىم تەكىتلىدى . سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا ستا-
لىن جۇڭگونىڭ تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل-
لىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇر-
دى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا ،
يالتا كېلىشىمىدىكى «تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ ھا-
زىرقى ئەھۋالى» دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدىكى تىر-
ناق ئىچىگە يېزىلغان «مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرى-
يىتى» دېگەن جۈملە بۇ ماددىدا تاشقى مۇڭغۇلىيە-
نىڭ مۇستەقىللىقى مەنىسىدىن دېرەك بېرىدىكەن .
بۇنىڭغا جاۋابەن سۇڭ زىۋېن مۇنداق دېدى : «جۇڭ-
گو زېمىن بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلمايدۇ . تاشقى
مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش
شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ ،
ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەختتىن غۇلىشىنى
پەيدا قىلىدۇ . ئەگەر ھۆكۈمەت يەر كېسىپ بېرى-
دىغان بولسا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تازا كۈچەپ
تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولىدۇ» . ستالىن
سۇڭ زىۋېنغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دېدى : «ئە-
گەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتى بىرگە تۇرىدىغان بولسا بۇنىڭ ئۈچۈن

ئەنسىرەش هاجەتسىز » . ستالىن سوڭ زېھنىغا
تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىدە مەخپىي كې-
لىشىپ ياپونلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن دۇنيا
جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىسىمۇ بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا تەكلىپ بەردى .

ستالىنىنىڭ سوڭ زېھنىغا قويغان تەلەپلىرى
يالتا كېلىشىمىنىڭ كونكرېت ماددىلىرىدا بەلگى-
لەنگەن مانجورىيىنىڭ هوقۇقى ۋە ئالاھىدە هوقۇ-
قىدىن بەك هالقىپ كەتكەن ئىدى . يالتا كېلىشى-
مىدە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا بىر
هەربىي ئىشلار رايونى قۇرۇش ئىشى زادىلا تىلغا
ئېلىنمىدى . ستالىن بۇ چاغدا بولسا چارپادىشاھ
ئىجارە ئالغان يەرلەردىكى ئاساسىي چېگرا سىزىقى
بويىچە لۈشۈن ۋە دالىيەن ئەتراپىدا دېڭىز ئارمىيە
بازىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ بۇ رايوندا
دېڭىز ئارمىيە ۋە هاۋا ئارمىيە توختىتىش هوقۇقىغا
ئېرىشىش ، پورتكۈل رايوندىكى هەق - تەلەپ ئىش-
لىرىنى باشقۇرۇش ، لۈشۈن هەربىي ئىشلىرىنى
مۇستەقىل كونترول قىلىش خىيالىدا ئىدى . ئۇ
جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز ئارمىيە بازىسى ئىچى-
دىكى يۈز كىلومېتىر دائىرىدە مۇداپىئە ئاراللىرى
تەسىس قىلىش هوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى ئۈمىد
قىلاتتى . ستالىن يالتا كېلىشىمى ماددىلىرىدىكى
«دالىيەننى خەلقئارالاشتۇرۇش» مەسىلىسىنى باش-
قا دۆلەتلەر قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا جۇڭگو -
سوۋېت بىرلىشىپ باشقۇرۇش دەپ چۈشەندۈردى .
كونكرېت ئېيتقاندا ، ئۇ جۇڭگو سوۋېت بىرلىشىپ
دالىيەننى باشقۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقى ساقچىلى-
رىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش
هوقۇقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇ يەردىكى باجغا ئىگە بو-
لۇش خىيالىدا ئىدى . ئۇ يەنە دالىيەن قولتۇقىدا
دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇش ، جۇڭگو سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلىتىشىنى مەخسۇس تەمىنلەشنى
تەلەپ قىلدى .

يالتا كېلىشىمىدە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا شەرق
تۆمۈر يولىنى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى
ئورتاق باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن . ئەمما ستالىن بۇ
چاغدا تۆمۈر يولغا يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلىشنى
تەلەپ قىلىپلا قالماستىن يەنە مۇناسىۋەتلىك كار-
خانىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى (زاۋۇت ، سېخ ،
يەر ، كۆمۈر كان ، ئورمان رايونى قاتارلىقلارغا )
تەلەپ قىلدى . تۆمۈر يول ۋە كارخانىلارنى باشقۇ-
رۇش ، ئىشلىتىش جەريانىدا هۆكۈمران ئورۇندىكى
پىكىر قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى ، ئۇلارنى
قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش-
نى ، ئۇلارنى ئورۇش ۋە تىنچلىق ، سوۋېت ئارمى-
يىسىنى يۆتكەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش هوقۇقىغا
ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى .

روزۋېلت زۇڭتۇڭ يالتا كېلىشىمىنى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا زور تەلەپلەرنى قويىدىغان
كېلىشىم قىلىشنى خالىمىسىمۇ ، لېكىن هەممە
تەلەپلىرىنى دىمگەندىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى تە-
لەپلىرىنى - «1904 - يىلى ياپون ۋەدىسىگە ۋاپا
قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك روسىيىدىن تارتىۋالغان
ئەسلى هوقۇقلىرىنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرۈش
كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت باش ماددىغا يىغىنچاق-
لىدى هەمدە ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لىدى . باش ماددىنىڭ تۈپ ماهىيىتى 13 - ئېيۇل
ئامېرىكا گوۋۋېيۈەنىنىڭ ئەسلەتمىسىدە ئېتىراپ قى-
لىندى هەمدە يالتا كېلىشىمى ئامېرىكىنىڭ نۇقتى-
ئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى . ئەمما ، ئامېرى-
كىنىڭ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغىنى
بىلەن سېلىشتۇرما بولغىنى ستالىن باشتىن باش-
لاپلا يالتا كېلىشىمىنى چۈشەندۈرۈش هوقۇقىنى
قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى . جۇڭگو تەرەپتىن كەل-
گەن بىر ئاخباراتقا ئاساسلانغاندا ستالىن سوڭ
زېھنىغا مۇنداق دېگەن : « يالتا كېلىشىمى» نى
تۈزۈشكە سوۋېت ئىتتىپاقى تەكلىپ بەرگەن ، ئۇ-
نىڭ مولوتوف لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان . ئۇلار
«روزۋېلت بىلەن چېرچىل ، پەقەت ئىمزالا قويۇپ
بەردى ، مەن چېرچىلنىڭ ئالدىدىمۇ بۇ سۆزنى تەك-
رارلىيالايمەن» ، دېدى .

سوڭ زېھۇن باش ئەلچى خاررىمان دىن تىرۇ-
مېننىڭ ئامېرىكىنىڭ يالتا كېلىشىمىدىكى تاشقى
موڭغۇلىيىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا بولغان قا-
رىشىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان . 4 -
ئىيۇل دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بېيرنېس ئارقىلىق
خاررىمانغا ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتە يالتا كېلىشىمىدى-
كى هېچقانداق بىر نۇقتىغا چۈشەندۈرۈش بەرمەي-
غانلىقىنى يەتكۈزدى . ئەمما خاررىمان غەيرىي رەس-
مىي چۈشەندۈرۈش هوقۇقىغا ئىگە ئىدى . ئۇ سوڭ
زېھنىغا مۇنداق دېگەن : «بۇ ماددا ئېتىراپ قىلغان
ئىچكى مەنە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمە-
لىيىتى ۋە قانۇنى ئەھۋالى قوغدىلىدۇ» دېگەندىن
ئىبارەت ، دېدى .

ئۈچىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە سوڭ زېھۇن
جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن تاشقى
موڭغۇلىيىگە ئەڭ يۇقىرى ئاپتونومىيە هوقۇقى بې-
رىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . سوڭ زېھۇن ستالىنغا
جاۋاب بەرگىنىدە مۇنداق دېدى : «تاشقى موڭغۇلى-
يە ئىچكى سىياسەت ، دېپلوماتىيە ،هەربىي ئىشلار
جەھەتتە مۇستەقىل ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

www.uyghurkitap.com



كېلىشىم تۈزسە بولىدۇ . ئەمما جۇڭگو بۇ رايونغا
بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يەنىلا ساقلاپ قېلى-
شى كېرەك» . ستالىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇ-
زۇل-كېسىل مۇستەقىللىقىدە چىڭ تۇردى ھەم ئۇچ-
رىشىش ئاخىرلاشقاندا مۇنداق دېدى . «بۇ مەسىلە
ھەل بولماي تۇرۇپ باشقا ھەرقانداق كېلىشىم تۈز-
گىلى بولمايدۇ .»

سۇڭ زىۋېن يوليۇرۇق ئېلىش ئۈچۈن چوڭ-
چىڭغا تېلېگرامما يوللاپ سۆھبەتنىڭ قاتمال ھالەت-
كە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ چاغدا جياڭ
جيېشى سۇڭ زىۋېنغا ناھايىتى مۇھىم بىر يوليۇ-
رۇق يوللىدى . بۇ يوليۇرۇقتا جياڭ جيېشى ئۆزى-
نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتى-
كى ھەل قىلغۇچ ئويلىرىنى ئاشكارىلىغان ئىدى .
جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېن ئارقىلىق ستالىنغا ئىك-
كى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئۇزۇنغا داۋاملا-
شىدىغان تىنچلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جۇڭگو
خەلقى بېلەت تاشلىغاندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلى-
يىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ،
لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۈچ مەسىلىگە
كونكرېت ۋە قەتئىي جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى
يەتكۈزدى . بىرىنچى : جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىگە بول-
غان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى
قوغدىلىشى كېرەك . ئىككىنچى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەدىسىدە چىڭ تۇ-
رۇپ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى
توپىلاڭنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك .
جياڭ جيېشى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئۈچىنچى
نۇقتىنى بايان قىلدى . بۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ
مۇھىم تەلىپى ئىدى .

11 ـ ئىيۇلدىكى يىغىندا سۇڭ زىۋېن ئاۋۋال
جۇڭگونىڭ زېمىن كېسىپ بېرىشتە ئۈستىگە ئال-
دىغان زور قۇربان بېرىشلەرنى تەپسىلىي بايان قى-
لىپ ئۆتتى . ئۇ مۇنداق دېدى : «ئەگەر جۇڭگو
يېتەرلىك تولۇقلاپ بېرىشكە ئېرىشەلمىسە پۈتۈن
مەملىكەتكە بۇ قېتىمقى قۇربان بېرىشنىڭ ئەھمى-
يىتىنى چۈشەندۈرمەك ناھايىتى تەس» . ئارقىدىنلا
ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ يوليۇرۇقىنى چۈشەندۈردى .
ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ موڭغۇلىيىگە بولغان
تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى . ستالىن سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنى قوللىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى ، سۇڭ زىۋېنغا
كاپالەت بېرىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسيانچىلار-
نى قوللىمايدىغانلىقى ۋە ج ك پ نى قوللىمايدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى . ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمە-
تىنى قوللايدىغانلىقى ، جۇڭگونىڭ بارلىق ھەربىي
كۈچلىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كې-
رەكلىكى ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىت-
تىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولسا ، ئىلگى-
رىكىگە ئوخشاشلا ياردەم بېرىدىغانلىقى ، ياردەم-
نىڭ جياڭ ۋېييۈەنجاڭ رەھبەرلىكىدىكى مەركىزى
ھۆكۈمەتكە بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاشكارا بايا-
نات ئېلان قىلدى . ستالىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ
ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلغان ئۈچ ھەپتە ئىچىدە مان-
جۇرىيىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشكە باشلايدىغانلى-
قىنى ئېيتتى .

بۇ مەزگىلدىكى سۆھبەتتە تاشقى موڭغۇلىيە
مەسىلىسى ئەڭ كەسكىن مۇلاھىزە قىلىنىدىغان
مەسىلە ئىدى . سۇڭ زىۋېننىڭ قەيسەرلىك بىلەن
جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە بولغان قانۇنىي ھو-
قۇقىنى قوغدىشى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى
مەھكىمىسى ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسى-
دا چىقارغان ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق تەھلىل
قىلغان : «سۇڭ دوكتۇر سۆھبەتتە ئەڭ كۆڭۈل
بۆلگەن مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ
تاشقى موڭغۇلىيىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى-
نىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولدى .
. .» 1921 ـ يىلىدىن بۇيان تاشقى موڭغۇلىيە
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا
تۇرغان . قىزىل ئارمىيە بۇ رايونغا كىرىپ روسىيە
ئاق باندىتلىرىنى يوقىتىپ ، ئۇ يەردە قۇرغىلى ئۇ-
زاق بولمىغان موڭغۇل قورچاق ھاكىمىيىتىنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلىغان . 1924 ـ يىلىدىكى جۇڭگو سو-
ۋېت شەرتنامىسى جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە
بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يەنە بىر قېتىم تە-
كىتلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى ئەمەلىي كونت-
رول قىلىشىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمىدى . جۇڭ-
گو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تاشقى موڭغۇلى-
يىگە بولغان قانۇنىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى
ئۇنتۇپ قالمىدى . جۇڭگولۇقلار تاشقى موڭغۇلىيى-
نى داۋاملىق ھالدا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىس-
مى دەپ قارىدى .

ھالبۇكى 1945 ـ يىلى ، جۇڭگو سوۋېت
ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، جۇڭگو
جامائەت پىكرى بۇ قانۇنىي ھوقۇق ئىمتىيازىدىن
ۋاز كېچىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . 1945
ـ يىلىنىڭ بېشىدا تىنچ ئوكيان مۇناسىۋىتى تەتقى-
قات ئورنى ئارشاڭ يىغىنىغا قاتناشقان ئىككى نەپەر
جۇڭگو ۋەكىلى شەخسىي پىكىرلىرىنى بىلدۈرگەندە
«پەقەت ئۇ رايوندىكى خەلق تەرەققىي قىلالىسا ۋە
ئۆزىنى باشقۇرۇپ كېتەلىسىلا» تاشقى موڭغۇلىيە-

ىنىڭ مۇستەقىل ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن
كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا
قاتنىشىشى قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ دەپ قارايدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. سان فرانسىسكو يىغىنى مەزگىلى-
دە چوڭچىڭدىكى «داگۇڭ باۋ گېزىتى» بىر پارچە
باش ماقالىدا مۇنداق تەكلىپ بېرىلگەن ئىدى: تاش-
قى موڭغۇلىيە يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئې-
رىشىش ياكى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ
قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا
دوستلۇق ئاساسىدا جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسى
تۈزۈلۈش كېرەك. كېيىن جۇڭگو سوۋېت شەرتنا-
مىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى گومىن-
داڭنىڭ ئالىي دۆلەت مۇداپىئە پالاتاسى ۋە مەركى-
زىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا:
«ئەمەلىيەتتە 1922 - يىلىدىن بۇرۇنلا بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى مەۋجۇت چاغدىلا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
ئىرقىي گۇرۇھى ئانا دۆلەت بولۇپ مۇستەقىل بول-
غانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. بۇ تەخمىنەن چارەك
ئەسىر بۇرۇنقى ئىشتۇر» دەپ ئېيتقان.

جياڭ جيېشى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ستالىنغا
بولغان مۇھىملىقىنى تامامەن چۈشىنەتتى. تاشقى
موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى سۆھبەت قاتمال ۋەزى-
يەتكە چۈشۈپ قالغاندا جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئوغ-
لى جياڭ جىڭگونى ستالىن بىلەن مەخپىي كۆرۈ-
شۈشكە يوليورۇق بەردى. ئۇلارنىڭ غەيرىي رەس-
مىي سۆھبىتىدە ستالىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
سىبىرىيىنى قوغداشتىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇ-
ھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ ياپونىيىنىڭ تىرىلى-
شىگە بولغان ئەندىشىنى بىلدۈردى. ستالىن موڭ-
غۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدا چىڭ تۇردى، ئۇ-
زۇن ئۆتمەي جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ مۇرەسسەچى-
لىك بىلەن ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى.

ستالىن روسىيە كونترول قىلغان ھەربىي را-
يونىڭ دالىيەننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە دالىيەن ئىچىدە دېڭىز ئارمىيە بازىسى
بولۇش كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى. جياڭ جيېشى
دالىيەننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ھەربىي رايون قى-
لىش، دالىيەننى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەركىن
پورتى قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

سۇڭ زىۋېن ستالىنغا ئۆزىنىڭ چۇڭچىڭغا قاي-
تىپ جياڭ ۋېيۈەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش
تەكلىپىنى بەردى. ئۇ ئېنىقكى ستالىننىڭ ئۆز
شەرتلىرىنى يۇمشىتىدىغان ياكى يۇمشاتمايدىغان-
لىقىنى سىناۋاتاتتى. ستالىن سۇڭ زىۋېننى ئۆزى-
نىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىتىپ ئۇ-
زىنىڭ پوتسدام يىغىنىدا ترۇمىن بىلەن كۆرۈشى-
دىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ترۇمىن
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جەڭگە قاتنىشىشنى بې-
كىتىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ ياخشى كې-
لىشىۋېلىشىنى ئېيتتى.

سۇڭ زىۋېن خاررىمانغا ئۆزىنىڭ ترۇمىن بى-
لەن ستالىن سۆھبەتلەشكەندە ستالىنغا جۇڭگونىڭ
نۇقتىئىنەزىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ياكى جياڭ
جيېشىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل لايىھە
تۈزگۈزۈش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىككى
تەرەپ تالاش - تارتىشتىكى ئورنىنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە تىرىش-
تى. سۆھبەت ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈشكە مەجبۇر بول-
دى. 14 - ئىيۇل سۇڭ زىۋېن موسكۋادىن ئايرىل-
دى. ئۇ ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ستالىنغا ئۆزىنىڭ
ستالىن خالىغان ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنىڭ موسك-
ۋاغا كېلىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

پوتسدام يىغىنىدا، ستالىن 17 - ئىيۇلدىكى
بىر يىغىندا ترۇمىنغا ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى بايان
قىلدى. ئۇ ئاغرىنىپ تۇرۇپ جۇڭگولۇقلارنىڭ
«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى» نى
ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى
قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ترۇمىن
ستالىندىن ئۇنىڭ دالىيەن مەسىلىسىدىكى ئورۇن-
لاشتۇرۇش لايىھىسىنىڭ ئامېرىكىغا قانداق تەسىر
كۆرسىتىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ستالىن جاۋاب
بېرىپ: «دالىيەن بارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىل-
گەن ئەركىن پورت بولىدۇ» دېدى، «بۇ بەلگىلى-
مىلەر ئارقىلىق روسىيىلىكلەرنى ھەربىي قىسىم
ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش ھەم تۆمۈر
يولنى يالغۇز ئىگىلەپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ 80
يىلدىن كۆپرەككە ئۇزارتىش مۇمكىن ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن جياڭ جيېشى ترۇمىندىن
ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ ترۇمىن زۇڭتۇڭغا ئۆزى-
نىڭ ستالىنغا يوللىغان تېلېگراممىسىنى ئەۋەتىپ
ئۆزىنىڭ يول قويۇشلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ ترۇ-
مېنغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يالتا كېلىشىمىنى
ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاللابۇرۇنلا نورمال قائىدىن
چىقىپ كەتكەنلىكىنى، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلى-
سىدە ھەتتا تېخىمۇ يىراقلىشىپ جۇڭگو جامائەتچى-
لىكى پىكرىنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە بې-
رىپ يەتكەنلىكىنى ئېيتتى. 23 - ئىيۇل ترۇمېن
جياڭ جيېشىغا تۆۋەندىكىدەك قىسقىغىنە جاۋاب
بەردى:

مەن ئىلگىرى سىزنىڭ يالتا كېلىشىمىنى
ئىجرا قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. ئەمما

كېلىشىمدىن ھالقىپ كەتكەن يول قويۇشقا مەج-
بۇرلىمىدىم . ئەگەر سىز يەنىشۇ ستالىن بىلەن
يالتا كېلىشىمىنى چۈشەندۈرىدىغان چاغدا ئىختىلاپ
يۈز بەرسە مەن سىزنىڭ سۇڭ زىۋېننى موسكۋاغا
قايتا ئەۋەتىپ سىزنىڭ داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك چۈ-
شەنچىگە ئىگە بولۇشىڭىز ئۈمىد قىلىمەن . ئەمەلى-
يەتتە ترۇمىن جياڭ جيېشىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت
قىلدى . 28 ـ ئىيۇل بەرناس خېرلى ئارقىلىق
سۇڭ زىۋېنغا تېلېگراممىا يوللاپ ئۇنىڭ 30 ـ ئى-
يۇل ياكى 31 ـ ئىيۇلدىن ئىلگىرى ستالىن بىلەن
ئالاقىلىشىشقا ئالدىراتتى . ھەم ستالىندىن موسك-
ۋاغا قايتا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى تەلەپ
قىلىپ ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە
قىلىشقا ئالدىرايتتى .

پوتسىدام يىغىنى مەزگىلدە جۇڭگو ئىشلىرى
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۇھان كان ۋىنسېنت جۇڭگو
سوۋېت سۆھبىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئالتە پارچە ئەس-
لەتمىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى . ئۇ كوممۇ-
نىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو بىرلەشمە
ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن كې-
يىن پارلامېنتتا «جۇڭگو گورۇھى» دەپ ئاتالدى
ۋە پارلامېنت ئەزاسى يۇسېن ماك كارتى قايتا ـ
قايتا سوئال سوراشنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى .
شۇڭلاشقا بۇ ئەسلەتمىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئى-
گە .

ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مانجۇرىيە تۆمۈر يو-
لى دالىيەن ۋە لۈيشۈن پورتىدىكى دېڭىز ئارمىيە
بازىسىنىڭ چېگرا مەسىلىسىدە سۇڭ زىۋېننىڭ
تەكلىپىنى قوللاش توغرىلىق كونكرېت تەكلىپلەر-
نى بەردى . ئەگەر زۆرۈر بولسا جۇڭگو ، روسىيە ،
ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسىسىدىن ئېۋەت-
كەن ئادەملەردىن تەركىب تاپقان خەلقئارا باشقۇ-
رۇش نازارەت قىلىش ئورنى قۇرۇپ دالىيەننىڭ
باشقۇرۇلۇشىنى ، نازارەت قىلىش تەكلىپىنى بەر-
دى . ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بالدۇراق ستالىن ۋە
مولوتوفلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ناۋادا ئۇلار بۇ
تەكلىپلەرگە قوشۇلسا سۇڭ زىۋېننىڭ پوتسىدام
يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپى-
نى بەردى .

23 ـ ئىيۇل ۋىنسېنت ئۆزىنىڭ ئالتە پارچە
ئەسلەتمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسىدا ئامې-
رىكىنىڭ جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپلىرى-
نىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پرىنسىپى ۋە جۇڭگو-
نىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە
يازما كېلىشىم تۈزۈشىگە ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو
سوۋېت سۆھبىتىدىن پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بول-
غان بۇ پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھادىسى-
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىدىن ئىبا-
رەت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى .

چۈنكى ئۇ : سۆھبەت ئىككى تەرەپنىڭ ، جۇڭ-
گولۇقلار روسىيە تەرەپتىنلا ئەڭ پايدىلىق شارائىت-
قا ئىگە بولالايدۇ . دەپ قارايتتى ، ئۇ جۇڭگولۇق-
لارنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشقا زادىلا ئامالسىز
ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ يالتا كېلىش-
مىنى چۈشەندۈرۈشىمۇ ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا
چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئى-
دى .

روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ
يالتا كېلىشىمىگە قاتناشقان شەخس ـ باش ئەلچى
خاررىمان ۋىنسېنتىغا ئوخشاش خۇلاسە چىقاردى .
ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىنىڭ روزۋېلتى-
نىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىدى . ئۇ
ترۇمېن زۇڭتۇڭدىن يالتا كېلىشىمىگە چۈشەنچە بې-
رىشنى ، بولۇپمۇ دالىيەن ۋە تۆمۈر يول تىجارىتى-
دىكى ئىختىلاپقا چۈشەنچە بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ
قىلدى . ئۇمۇ ۋىنسېنتقا ئوخشاش ئەگەر ستالىن
سۇڭ زىۋېننىڭ دالىيەننى جۇڭگو باشقۇرۇشىدىكى
ئەركىن پورت بولۇش تەكلىپىگە قوشۇلمىسا ، ئۇن-
داقتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ، سوۋېت
ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن يەنە ئەنگلىيىدىنمۇ تەركىب
تاپقان خەلقئارا كومىتېت قۇرۇش تەكلىپىنى بې-
رىپ ، دالىيەننىڭ ھەقىقى ئەركىن پورتقا ئايلى-
نىشىنى نازارەت قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى .
بۇنىڭدىن باشقا ۋەزىيەتنىڭ تېز تەرەققىياتى جۇڭگو
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرھال كېلىشىۋې-
لىش زۆرۈرىيىتىنى پەيدا قىلدى . سۆھبەتنى قايتا
باشلاشتىن بىركۈن ئىلگىرى بىرىنچى ئاتوم بومبا
خىروسىمادا پارتلىدى . ئىككى كۈندىن كېيىن سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى .
قىزىل ئارمىيە تېزلىكتە مانجۇرىيىگە كىردى . 10
ـ ئاۋغۇست ستالىن سۇڭ زىۋېننى ۋاقىتنى يەنە
سوزۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ بولمى-
سا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرى-
دىغانلىقىنى ئېيتتى . 11 ـ ئاۋغۇستتىن 14 ـ
ئاۋغۇستقىچە سۇڭ زىۋېن بىرقانچە باسقۇچ بويىچە
تېزلىكتە كېلىشىم ھاسىل قىلدى . ئۇ ستالىننىڭ
ئەسلىدىكى چار پادىشاھنىڭ ئىجارىگە ئالغان يەرلى-
رىنىڭ چېگرا سىزىقىنى بويلاپ كۆندۈلۈڭ يېرىم
ئارىلىدا ھەربىي رايون قۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ
دەسلەپكى تەلىپىگە قوشۇلدى ، تىنچلىق دەۋرىدە
ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي رايوننىڭ بىر قىسمىغا ـ
دالىيەننىڭ ھەربىي نازارەت ۋە كونتروللۇقتا ئۇچرى-

ماسلىقتىن ئىبارەت ماددىنى ئالماشتۇدى . تۆمۈر
يولنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنچىكە ھالقىدا ئۇ
يول قويدى . شەرتنامە بىكار قىلىنغاندىن كېيىن
خارىرمان ستالىننىڭ مانجۇرىيىدە ئىشكىلەرنى
ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقى توغ-
رىسىدىكى ئاغزاكى كاپالىتىنى يازما بايانانقا ئايلاد-
دۇرۇش ئۇچۇن چىڭ تۇردى . ئەمما 9 ـ ئايدا
ھېچقانداق كونكرېت نەتىجىگە ئىگە بولمىغان ئەھ-
ۋال ئاستىدا ئۇ بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى .

مەيلى بىز 1945 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ سو-
ۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسى ھەمدە مۇنا-
سىۋەتلىك كېلىشىم ، نوتا ئالماشتۇرۇش ، تارقى-
تىلغان ھۆكۈمەت تەرەپ يىغىن خاتىرىلىرىنى قاد-
داق باھالىمايلى ، ستالىننى سېخىيلىك بىلەن كا-
پالەت بەرمىدى دەپ ئەيىبلەشكە ئامالسىز بىز . دەل
مۇشۇ كاپالەتلەر سەۋەبىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى كې-
لىشىملەرنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى راستىنلا
كىشىنى قانائەتلەندۈرىدۇ دەپ قارىدى . ھۆججەتتى-
كى ئىككى ماددىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىرتەرەپ
بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىسلى-
رىدىن ئىبارەت يەنە بىر تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسى-
تە ياكى ۋاستىلىك ئەھمىيىتى بار . جۇڭگو سوۋېت
ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ بەشىنچى ماد-
دىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن ئىدى ؛ ئىككى دۆلەت
«تىنچلىق ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن ، قىزغىن دوس-
تانە ھەمكارلىق روھى بىلەن ئورتاق خىزمەت قى-
لىش ھەم ئىگىلىك ھوقۇقى ۋەزېمىن پۈتۈنلىكىگە
ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارى-
لاشماسلىق پرىنسىپىغا بىردەك قوشۇلۇش» .
شەرتنامىگە مۇناسىۋەتلىك نوتا ئالماشتۇرىدىغان
چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «جۇڭگونى
ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىق جەھەتتىن قوللاش ، ھەر-
بىي لازىمەتلىكلەر ۋە باشقا بۇيۇملار بىلەن تەمىن-
لەش ، بۇ خىل قوللاش ۋە ياردەمنىڭ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ مەركىزى ھۆ-
كۈمىتىگە بېرىلىدىغانلىقى» غا كاپالەتلىك قىلدى .

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيىنى قايتىدىن
ئىگىلەش مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تۆۋەندى-
كىدەك ۋەدە بەردى :

نۆۋەتتىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوتا تاپشۇرۇش-
تا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «جۇڭگونىڭ شەر-
قىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىدىكى بارلىق ئىگىلىك
ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە شەرقىي
شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ زېمىن ۋە ئىگىلىك ھو-
قۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى تە-
كىتلەيدۇ .» يەنە بىر كېلىشىمدە «جۇڭگو گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە خىزمەتچىسى»
نى ياپونىيە ئىگىلىۋالغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋې-
لىشقا مەسئۇل بولۇشقا بەلگىلەش قارار قىلىندى .
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا «جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئاسا-
سەن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىدىغان زېمىندا بىر
ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەم ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قى-
لىش» ، «قايتۇرۇۋېلىنغان زېمىندا جۇڭگونىڭ
مۇنتىزىم ۋە بىمونتىزىم قوشۇنىنى سوۋېت ئىتتى-
پاقى قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلاشتۇرۇش . كېلى-
شىم يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەرقانداق بىر پارچە زې-
مىن بىۋاستە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىدىغان سو-
رۇن بولۇپ قالماسلىق» ، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتىدە ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بارلىق
ھوقۇق بولۇش . ئالدىنقى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىل-
گەندەك ، ستالىن يەنە ئۆزىنىڭ ياپونىيە تەسلىم
بولۇپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە مانجۇرىيىدىكى سوۋېت
ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە باشلايدى-
غانلىقى ، قوشۇن چېكىندۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەرەلى 3 ـ ئايدىن ئېشىپ
كەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى . بۇ كا-
پالەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ئالاقە قىلى-
دىغان گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ھەم ماد-
جۇرىيىنى قايتا ئىگىلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئىدى .
پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ كاپالەتلەرنىڭ روھى
ۋە پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولسا تۆلەنگەن
بەدەلمۇ ئەرزىيتتى .

ئامېرىكىدا كىشىلەر توختام تۈزۈلگەنلىكىنى
قىزغىن تەبرىكلەشتى . ھەتتا كېيىن ئامېرىكىنىڭ
جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنى زەھەرخەندىلىك بى-
لەن ئەيىبلىگەنلەرمۇ ياخشى باھا بېرىشتى . 1945
ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى «تۆرمۇش»
ژورنىلى تەھرىراتىنىڭ باش ماقالىسىدا مۇنداق دې-
يىلگەن ئىدى : ياپونىيە تەسلىم بولۇپ ئىككى كۈد-
دىن كېيىن موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭ كېلىشىم تۈز-
گەنلىكىنى جاكارلىدى . بۇ غەلىبە ، ساۋاتى بار
كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەر-
بىي كۈچ ئىشلىتىپ ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلغانغا
ئوخشاش بۈيۈك . سۆڭ زىۋېن بىلەن ستالىننىڭ
شەرتنامىسى ئۈمىتسىزلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئۇ
ئۆتكەن يىگىرمە يىل ئىچىدىكى ھەرقانداق دىپلوما-
تىيە ۋەقەسىدىكى ئوق دورا ھىدىدىن ئاز . . . جۇڭ-
گونىڭ ھازىرقى ھالىتى ئامېرىكىنىڭ 50 يىلدىن
بۇيان ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ توغرۇلىقى-
نى ئاشكارىلىدى .

پەزىلەت نۇرئەخمەت ، مۇھەممەت ئەيسا تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# يۇرتىمىز بىلەن سۈمېرلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە

ئابلىكىم ئابدۇرەشىد

سۈمېرلىقلار تۇنجى بولۇپ دۇنيادا يېزىق ئىختىرا قىلغانلىقى بىلەن دۇنيا قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ① 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە ۋە فرانسىيىلىكلەر سۈمېر تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى سۈمېرلىقلار ئۆز قوينىدا ساقلاپ ياتقان سىرلارنى ئېچىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ سۈمېرلىقلاردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق خەلقنىڭ ئىرقى، ئېتنىك مەنبەسى، ئەتراپىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان قانداشلىق، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ۋە سۈمېر تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى تېخىچە بىرەر قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ سىرلىق بولۇپ ھېلىھەم بۈگۈنكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىدە ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. تىل قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۈمېر تىلى ھام ـ سام (خېمىت ـ سېمىت) تىل ئائىلىسىگىمۇ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل ئائىلىسىگىمۇ كىرمەيدىغان يېگانە تىل بولۇپ، ئۇنىڭ يېپىشقاق تىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ۋېنگرىيىدىن تارتىپ پولىنېزىيىگىچە بولغان نۇرغۇن تىللاردا ئۇچرايدۇ. ئېتنىك مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۈمېرلىقلار ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ۋەياكى بىر قەبىلە خەلقىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇلار سۈمېر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىرقى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان، مەدەنىيەت ۋە تېررىتورىيە جەھەتتىن بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولغان خەلقلەرنىڭ توپى.

سۈمېرلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، مىللەت تەركىبى، باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل پاكىتلىرى ـ مەدەنىيەت ئوخشاشلىقى ① بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان تېما بولالايدۇ. ھادىسە ئىچىدىن ماھىيەتنى ئىزدەش، ئوخشاشلىق ئىچىدىن مەزمۇننى تېپىش بويىچە سۈمېرلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى بولغان ئۇر شەھىرى خارابىسىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە ئۇلاردىكى بەزى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن قەدىمكى دەۋردىكى تەڭرىتاغ بويلىرى، تارىم ۋادىسى بىلەن سۈمېرلىقلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ھەققىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىرلىشىش بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى.

1922 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ س. لېئونارد. ۋۇللېي (C. leonard. Wooley) ئىفرات دەرياسىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا جايلاشقان ئۇر شەھىرىدە (ھازىرقى ئىسمى مۇقايىيار) ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇر پادىشاھ قەبرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قېزىپ چىققان. ① قەبرىدىن چىققان بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرىنىڭ كۆپلىكى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن پۈتكۈل ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈپ، تارىختىن بېرى سۈمېرلىقلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۇر شەھىرى پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان. قەبرىدىن چىققان بۇيۇملار ئىچىدە لاپىس ـ لازۇلىدىن (لازۇرات) ياسالغان مارجان، غىلىپى ئالتۇندىن، سېپى كۈمۈش ۋە لاپىس ـ لازۇلىدىن ياسالغان پىچاق بار. پىچاقنىڭ شەكلى، ياسىلىش ئۇسلۇبى، پىچاق دەستىسىگە چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر ئۇيغۇر پىچاقلىرىغا ناھايىتىمۇ ئوخشىشىدۇ. سۈمېرلىقلارنىڭ ئۆي خارابىلىرىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇسلۇبىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى، ھويلا تاملىرىدىكى كېسەكلىك نەقىشلەر، ئۆيلىرىنىڭ پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىنىشى كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش شەكىللىرى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى سۈ-

---

* ئىلىم ساھەسىدە مىسىرلىقلار يېزىقنى بالدۇر ئىجاد قىلغانمۇ ياكى سۈمېرلىقلارمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت. بىراق كۆپلىگەن تارىخچىلار مىسىرلىقلارنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى سۈمېرلىقلارنىڭ مىخ يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان دېگەن قاراشقا قوشۇلىدۇ.

فىرىش تېخنىكىسىدىكى ئىلغار كەشپىياتلارنىڭ بىرى بولغان كارىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان ئىجادىيىتى بولۇپ، بۈگۈنكى ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى ئېكىنزارلىقلاردا، خورما ئۆستۈرۈلىدىغان بوستانلىقلاردا، شۇنداقلا قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدا ياسىلىشى ۋە رولى كارىز بىلەن بىردەك بولغان « qanat » دەپ ئاتىلىدىغان سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل سۇغىرىش تېخنىكىسى بەلكىم يۇرتىمىز، پەرغانە ۋادىسى، ئىران ۋە سۇمېرلىقلار ياشىغان جايلاردىن باشقا يەرلەردە بولمىسا كېرەك.

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئوخشاش بىر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى يارىتىشى ناھايىتىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. مەدەنىيەت ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى. ئەقىل - پاراسەتنىڭ پەقەت ئۆزىگە تايىنىپلا ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئاخىرىدا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى ناھايىتىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ھەم چەكلىك بىر جەريان بولۇپ، ئىلغار يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ يارىلىشى ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئۇچرىشىشى، باشقىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن مەلۇم قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. تەڭرىتاغ بويلىرى، تارىم ۋادىلىرى، ئامۇ دەريا ۋادىسى، ئىككى دەريا ۋادىسى، نىل ۋە خۇاڭخې دەريا ۋادىلىرى بىر - بىرىدىن تاغ - دەريا، قۇملۇق، چۆللۈكلەر ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەككە بېكىنمە گەۋدە ئىدى. ھەربىر يەككە بېكىنمە گەۋدە ئىچىدە مەن، سەن، ئۇ دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر - بىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى قوبۇل قىلىشىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بىر يەككە بېكىنمە گەۋدە ئىچىدە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئوخشاشلىق نىسبىتى يۇقىرىلاپ كېتىدۇ - دە، ئوخشاش بىر ئەقىل - پاراسەتنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزلىشىپ يېڭى بىر يۇقىرى پەللىدىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ شەكىللىنىشى، يېڭى بىر سۈپەتنىڭ ياسىلىشى تەسكە توختايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەرقايسى يەككە بېكىنمە گەۋدە ئىچىدە ئوخشاشلا يۈز بېرىدۇ، شۇڭا ئوخشاش بولمىغان يەككە بېكىنمە گەۋدىلەر ئارىسىدا ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ ئىدى. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى خەلقلەر ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندا، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر مول بولغان سۇ مەنبەسى، يايلاقتا ئىگە بولۇش ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈپ يۈرەتتى. بۇ كۆچۈش بەزىدە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى خەلقلەر ئۈستىدىن ئىشغالىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بەزىدە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەرگە باغلىنىپ ياشايدىغان تېرىم خەلقلىرىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشتەك پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇنداق تەكرار ئىشغالىيەت ۋە ئاسسىمىلاتسىيە جەريانىدا تېرىم ئىگىلىكىدىكى خەلقلەر ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش، ھېس قىلىش ئارقىلىق كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ئەقىل - پاراسەتنى قوبۇل قىلىپ ئالاتتى. كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرمۇ بۇ جەرياندا تۈزىتىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ئەقىل - پاراسەتنى قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈپ بارغاندا ئۆزلىرىدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئەقىل - پاراسەتتىن باشقا يەنە ئۇلار بارغان ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى خەلقلەردىن قوبۇل قىلغان ئەقىل - پاراسەت ۋە مەدەنىيەتنىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى ۋە تارقىتاتتى. ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە بالدۇر قەدەم قويۇشىنى ئەلۋەتتە ھەرقايسى يەككە بېكىنمە گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئۇچۇرىنى يەتكۈزىدىغان ۋاستىچى خەلق — ئات ئۈستىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ پائالىيىتىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا، تەڭرىتاغ بويلىرى، تارىم ۋادىسى، پەرغانە ۋادىسى ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى سۇمېرلىقلار ياشىغان جايلار ئارىلىقىدا قاتناپ مەدەنىيەت ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغان قەدىمكى بىر كۆچمەن خەلق - توخرىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تارىخىي ۋە ماددىي پاكىتلاردىن مەلۇم.

توخرىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ناھايىتىمۇ كۆپ مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە. ۋ. ب. خېنىنىڭ (W. B. Henning) مىخ يېزىق تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان، دەجلە دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىمى ۋە زاگروس تاغلىرى بويلىرىدا ياشىغان «گوتلار توخرىلارنىڭ ئەجدادى. كېيىن گوتلار سۇمېرلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ شەرققە كۆچكەن» ② دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىۋانوف بىلەن گرامكرېدىن خېنىنگنىڭ بۇ قارىشىنى كۈچەيتىپ، «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللاردا توخرىلار يېقىن شەرققە ئولتۇراقلاشقان خەلق» دەپ ئېيتىدۇ. ③ ب. خروزنى (B. Hozny) «گۇتلار، لۇللۇبىلىقلار، كەسسايىتلار بىر مەنبەلىك خەلق. ئەسلىدە ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە ئامۇ دەريا بويلىرىدا ياشىغان. كېيىن كاسپىي دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ زاگروس تاغلىرىنى ئىگىلىگەن» دەپ قارايدۇ. ④ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسى-

www.uyghurkitap.com



تېتى تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ،
ئاتاقلىق سۇمېرشۇناس كامال بالقان قەدىمكى تۈرك
تىللىرى بىلەن توخرىلارنىڭ ئەجدادى دەپ قارالغان
گوتلارنىڭ تىلىدىكى ئىسىملار پېئىل تومۇرى ۋە
بەزى سۆزلۈكلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى
دەلىللەپ چىقىپ توخرىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىدۇ . ⑤ يۇرتىمىزدىن بايقالغان مىلادى 6 ـ
ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان بۇددا دىنى ۋە-
سىقىلىرىدە توخرى تىلى بايقالغان . توخرىلارنىڭ
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا تەڭرىتاغ
ۋە تارىم ۋادىسى بويلىرىدا ياشىغانلىقى ئارخېئولو-
گىيىلىك ۋە تىل پاكىتلىرىدىن مەلۇم (بۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى
ئاھالىلەر» خەنكاڭشىن تۈزگەن ، ئابلەت نۇردۇن
«غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش
ـ يۆتكىلىشىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسى-
ۋىتىگە نەزەر» ، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى «ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى»
، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي
خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى ـ توخرىلار بابى» .T
V گرامكىرىدىن ۋە Vjac. VS ئىۋانوفنىڭ «تا-
رىختىكى ئەڭ دەسلەپكى ھىندى ـ ياۋروپالىقلار»
غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى . 1998 ـ يىل
1 ـ سان قاتارلىق ماتېرىياللاردىن كۆرۈلسۇن ) .

توخرىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ، ياشىغان جاي-
لىرى ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
ھەققىدىكى قاراشلار ھەر خىل بولسىمۇ ، لېكىن
يۇقىرىقى ئوخشاشمىغان قاراشلار ئىچىدىن شۇنداق
بىر پاكىتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، توخرىلار
سۇمېرلارغا قوشنا بولغان زاگروس تاغلىرى ، دىيا-
لا دەريا ۋادىلىرى ، كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي
قىرغىقى ، ئامۇ دەريا بويلىرى ، تەڭرىتاغ ۋە تارىم
ۋادىلىرى ئارىلىقىدىكى كەڭ رايونلاردا ياشىغان ۋە
كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن . ئۇلار-
نىڭ بۇ كۆچمەن پائالىيىتى جەريانىدا بۇ جايلار
ئارىسىدا توخرىلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەدەنى-
يەت ئۇچرىشىشى بولغان . ئەگەر يۇقىرىدىكى پى-
كىر يوللىرى بويىچە تەھلىل يۈرگۈزسەك ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىيىتى ـ كارىزنىڭ
(كارىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز
تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى لېتىپ توختىنىڭ
ماقالىسىدە ، ئىسمائىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە ناھايىتىمۇ ئې-
نىق شەرھلەنگەن ) يۇرتىمىزدىن سۇمېر ۋە پارس
ئەللىرى ، پەرغانە ۋادىلىرىغا تارقالغانلىقى ئېنىقمۇ
ئايدىڭلىشىدۇ .

ئۇر پادىشاھ قەبرىسىدىن كۆپلىگەن لاپىس ـ
لازۇلىدىن (لازۇرات) ياسالغان زىبۇ ـ زىننەت
بۇيۇملىرى ئۇچرايدۇ . لاپىس ـ لازۇلى قەدىمكى
ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ناھايىتىمۇ ئەتىۋارلايدىغان
قىممەتلىك تاش بولۇپ ، بەزى تارىخىي بايانلاردا
قەيت قىلىنىشىچە ، ئافغانىستاندىكى بەدەخشان تاغ-
لىرى ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر كېلىش مەنبەسى ئې-
كەن . ⑥ لېكىن «يېڭى تاڭنامە» 22 ـجىلد .
4157 ـ 4156 ـ بەتلىرىدە «لاپىس ـ لازۇلىنىڭ
( 瑟瑟 ) ھەممىسى بەدەخشاندىن چىقمايدۇ» ـ
دەپ قەيت قىلىنىدۇ . ⑦ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە
دەستۇرى» دا «لاپىس ـ لازۇلى ، كەھرىۋا قاتار-
لىق كان مەھسۇلاتلىرى پارسلار بىلەن 凉洲
ئارىلىقىدىكى جايلاردىن چىقىدۇ» ⑧ دەپ خە-
ۋەر قىلىنىدۇ . 12 ـ ئەسىردە كىتاب قىلىپ تۈ-
زۈلگەن «يۇنلىن تاش تەزكىرىسى» دە لاپىس ـ
لازۇلى خوتەن تاشلىرىنىڭ بىر خىلى . ئۇ يېشىل ،
كۆك رەڭلىك بولىدۇ . بەدەخشاندىمۇ يېشىل رەڭ-
لىك لاپىس ـ لازۇلى چىقىدۇ . لېكىن يېشىل
رەڭدىكىسى كۆك رەڭدىكىسىدەك قىممەت ئەمەس»
دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ . ⑨ دېمەك ، يۇقىرىدىكى
بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، يۇرتىمىزدا
يالغۇز قاشتېشىلا ئىشلەپچىقارماستىن بەلكى قىم-
مەت لاپىس ـ لازۇلىمۇ چىققان ھەم سودا تاۋارى
سۈپىتىدە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە سېتىلغان .
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار ئەتراپىدا
سۇمېرلىقلارنىڭ شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان سو-
دا مۇناسىۋىتى جانلانغان . ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەك-
لىك بولغان ئالىيۇمىن ۋە لاپىس ـ لازۇلىنى ئاسا-
سەن ئىككى يول ئارقىلىق ئىمپورت قىلغان . بىرى
زاگروس تاغلىرى ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ
شەرققە تۇتىشىدىغان قۇرۇقلۇق يولى . يەنە بىرى
پارس قولتۇقىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ھىندى
دەريا ۋادىلىرىغا يېتىپ بېرىپ ئاندىن تېخىمۇ
شەرققە تۇتىشىدىغان سۇ يولى . ⑩ يېقىن شەرقنىڭ
بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى ھاۋا كىلىماتى
ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، نەم ۋە سال-
قىن بولغان . بۇ پارس قولتۇقى ئۈچۈن ياخشى
پورت شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەن . پارس قولتۇقى-
نىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى خورما ، بېلىق ، راك ،
توقۇلما بۇيۇملار سۇ يولى ئارقىلىق بۈگۈنكى ئافغا-
نىستان ، پاكىستانغا ، ئاندىن بۇ يەردىن تېخىمۇ
شەرقتىكى جايلارغا توشۇلغان . ⑪ ئەگەر «يىپەك
يولى» لىنىيىسىدىكى خوتەن ، يەكەن قاتارلىق جاي-
لاردىن دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ پامىر ۋە قارا
قۇرۇم تاغلىرىدىن لاداققا يېتىپ بارغىلى ، ئاندىن
غەربىي شىمال يۆنىلىشى بويىچە ھىندى دەريا ۋادى-
لىرىنى بويلاپ ماڭسا ئاسانلا پارس قولتۇقىغا يې-
تىپ بارغىلى بولىدۇ . بۇ يوللار قەدىمكى شەرق
ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرىدىغان خەلقلەرنىڭ
بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان يوللىرى بو-
لۇپ ، يۇرتىمىز بىلەن سۇمېرلىقلار ئوتتۇرىسىدا
مەلۇم مەدەنىيەت ۋە سودا مۇناسىۋىتى بولغانلىقى

ئېھتىمالغا يېقىن .

دۆلەت سىرتىدىن تېپىلغان بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ . پارس قولتۇقىدىكى ئارال دۆلەت بەھرەيىندىن بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان 1. 87×1. 87 × 0. 65$cm^3$ لىق تۆت چاسا تامغا تېپىلغان ⑫ تامغىنىڭ بىر تەرىپىگە شىرنىڭ تەسۋىرى ، يەنە بىر تەرىپىگە بىر جۈپ بۆرىنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن . ھەممىمىزگە مەلۇم ، بۆرە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان توتېم ئوبيېكتى . بۆرە ئىككى دەريا ۋادىسىغا يات بولغان سەنئەت تەسۋىرى بولۇپ ، ئىككى دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان تامغا ، تام سۈرەتلىرى ، نەقىشلەردە بۆرە تەسۋىرى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ . بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر تامغا ئافغانىستاندىن تېپىلغان ، تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ تامغىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى مەركىزىي ئاسىيا ئىكەن ⑬ .

ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقى تارىختا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيەت سورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ چوڭ تارىخىي سەھنىدىكى ھەرقايسى خەلق ، مىللەت ئۆز ئارا مەدەنىيەت ، تېخنىكا ، ئىدېئولوگىيە ، سودا جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىشىشتا بولغان . ئەلۋەتتە بۇ خىل مۇناسىۋەت تورى ئىچىگە تەڭرىتاغ بويلىرى ، تارىم ۋادىسى ۋە سۈمېر رايونىدىكى خەلقلەرمۇ قاتناشقانىدى . تەڭرىتاغ بويلىرى تارىم ۋادىسى بىلەن سۈمېرلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تىل (قازاق تەتقىقاتچىسى ئولجاس سۇلايمانوف قەدىمكى تۈركىي تىللار بىلەن سۈمېر تىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك بولغان 60 چە سۆزلۈكنى دەلىللەپ چىققان) ، يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ مېنىڭچە بىزنىڭ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان تېما بولالايدۇ . س . ف . ئولدېنبورگ «ئىنسانىيەت تارىخى ئۈستىدە سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە ئالدى بىلەن بۇ تارىخقا شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ كىرگەندىلا ئۇنىڭدىن سۆز ئېچىشقا بولىدۇ . بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخى پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ يازىدۇ . ⑭ نىل دەرياسى ، ئىككى دەريا ۋادىسى ، گرېكلار ۋە رىملار ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا بىرنەچچە ئەسىر ۋاقىت بولدى . لېكىن كۆپلىگەن سوئاللار جاۋابسىز قېلىۋاتىدۇ . يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخىچە باشلىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ ؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ۋە بايقاشلاردا ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار ئىسپاتلىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە مەن .

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① ستون لويد : «مېسسوپوتامىيە ئارخېئولوگىيىسى» لوندون نەشرى . 1970 ـ يىل . 90 ـ بەت ، ئىنگلىزچە .

③ ② شۇۋنىكەن : «شىنجاڭ مومىيالىرى ۋە توخرىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» «ھىندى ـ ياۋروپا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى . 1995 ـ يىل 3 ـ سان . 362 ـ بەت .

⑤ ④ كامال بالقان : «گۆت تىلى ۋە تۈرك تىلى» «ئېردەم» ژۇرنىلى ئەنقەرە نەشرى . 1990 ـ يىل . 82 ـ 83 ـ بەتلەر .

⑥ خالد . كلوفورد : «سىرلىق سۈمېرلىقلار» جېجىياڭ خەلق نەشرىياتى . 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي . خەنزۇچە نەشرى . 155 ـ بەت .

⑦ «يېڭى ئاڭنامە» 22 ـ جىلد . جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرى . 4157 ـ 4156 ـ بەتلەر .

⑨ ⑧ شېفىر «تاڭ دەۋرىدىكى سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى . 1995 ـ يىل . 533 ـ 554 ـ بەتلەر .

⑪ ⑩ برەنۋىن . ئى . دەنتىن : «ئەرەب ئارخېئولوگىيە ۋەسىقلىرى» . دانىيە 1994 ـ يىل 47 ـ بەت . ئىنگلىزچە .

⑬ ⑫ خاررىد . كرائېفورد . ۋە خالىد ئەل سىندى : «بەھرەيىن موزېيىدىكى تامغا ھەققىدە» دانىيە . 1995 ـ يىل 113 ـ بەت .

⑭ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى . 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى . ئۇيغۇرچە . 7 ـ بەت .


(مۇئەللىپ : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى مۇئەللىمى)

www.uyghurkitap.com



# «تارىم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

پالتاخۇن ئەۋلاخۇن ، گۈلنار ئىسمائىل

«تارىم» ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان تىنماي ئېقىپ كەلگەن ۋە يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، قەشقەرلەردىكى چولڭ ـ كىچىك دەريا ، تارماق ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ ، تارماق ئېقىنلىرى لاتقىلىق تۇزلەڭلىكلەرگە كەلگەندە تاشقىنلىنىپ كۆل ، ساسلىقلارنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بىر دەريانىڭ ، شۇنىڭدەك مۇشۇ دەريانىڭ قۇملۇقلار ئىچىدىكى مۇساپىسىنى ئاساس قىلغان بىر چولڭ ئويمانلىقنىڭ ھەمدە شايار ، لوپنۇر ناھىيىلىرىدىكى بىر يېزىنىڭ ، چەرچەن يەنە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ، كىچىكرەك قىلىپ ئېيتقاندا ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق بىر دەريا كېچىكنىڭ ئورتاق نامى . بىر نامنىڭ مۇنداق كۆپ جايلارغا نام بولۇپ كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك . مانا بۇ «تارىم» نامىنىڭ بىر ئۇلۇغ ، مۇقەددەس ئاننىڭ نامى ئىكەنلىكىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدىن ئىبارەت .

بۇ مۇقەددەسلىك ۋە ئۇلۇغلۇق ھەرقايسى ئەل سەيياھ ، تەتقىقاتچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەسلى ئېتىمولوگىيىسىنى بىلىشكە ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشكە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قىزىقتۇرۇپ كەلدى . ئەمما چۈشەندۈرگۈچىلەر ۋە قىزىققۇچىلارمۇ بۇ مۇقەددەس نام ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ھازىرغىچە بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرالمىدى . شۇڭا تۆۋەندە بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى ۋە ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز .

## 1 . «تارىم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ۋە بۇ قاراشلارغا باھا

تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان «تارىم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ئورنى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى . بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى ، «تارىم» نامىنى سانسكرىتچە «Sita» نامىغا باغلايدىغان قاراش . بۇ قاراشنى ئەڭ دەسلەپتە فېڭ چىنجۈن ئەپەندى «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ناملىق ئەسىرىدە (يەنى 1930 ـ يىلى ) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ، ئۇ «Sita» نامىنى «يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ سانسكرىتچە نامى» دەپ قارىغان . ① . ھەمدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «تارىم (Tarim ) دەرياسى ، سانسكرىتچە نامى Sita» ، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى ، دا ‹ergolgol› ، دەپ ئاتالغان» ② دەپ كۆرسىتىدۇ . سانسكرىتچە «Sita» دەپ ئاتالغان نام قەدىمكى بۇددا نومى ۋە باشقا جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدا « 私陀 » ، « 私多 » ، « 私他 » ، « 期陀 » ، « 死多 » ، « 多 » ، « 徙多 » ، « 徙多 » دەپ ئاتالغان بولۇپ ، كېيىنكى ئاتىلىش شۈەن زاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ③ بولغاچقا ، بۇ ئەسەرنى لى شيەنلىن قاتارلىقلار «سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان» دا (1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ) « 徙多 » نامىنى فېڭ چىنجۈن ئەپەندىنىڭ قارىشىغا ئاساسەن «يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان . ④ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مىلادى 2 ـ ئەسىردە يۇناندا ئۆتكەن مەشھۇر جۇغراپىيون پتولېمى يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسەرنىڭ «يىپەك (سېرىس ) ئېلى» قىسمىدىكى « . . . ئۇلار پىئالايلار ـ pialai ـ نەقىل كەلتۈرگۈچى ) ئويغارد دەرياسى قىرغاقلىرىغا جايلاشقان ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئويغاردايلار (Oikhardai ) ياشايدۇ» ⑤ دېگەن بايانلارنى

مەسىلىغا ئالىدۇ ھەمدە ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلې ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغاردايلار ئۇيغۇرلاردۇر، ئويغارد دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر» ⑥ دېگەن قاراشنىمۇ قوشۇمچە قىلغان. قارىغاندا، فىلاك چىنجۇن ئەپەندى «sita» دەرياسى «يۇناننىڭ قەدىمكى يەر ناملىرى تەزكىرىسى» «Oikhardes» دەپ ئاتالغىنى شۇ دېگىنى پىتولېنى يەتكۈزۈپ بەرگەن ھەم ھېنرى يۇلې «تارىم دەرياسى» دەپ قارىغان «Oikhardai» (ياكى Oechordas) دەرياسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقنىڭ بارلىقى روشەن. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى يەكەن دەرياسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سىت ئۆگۈز» دەپ ئاتالغان، سانسكرىتچە «sita» دىن كەلگەن، بۇددا نوملىرىدا يەكەن، شۇ جۈملىدىن تارىم دەرياسىمۇ «سىت ئۆگۈز» دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ ⑦. مېنىڭچە، سانسكرىتچە «sita» دەپ ئاتالغان دەريانىڭ نامى بىز ئېنىقلىماقچى بولغان «تارىم» نامى ئەمەس، ھەم تارىم دەرياسى قەدىمدە «sita» دەپ ئاتالغانمۇ ئەمەس. بۇ نام ئېھتىمال سىبن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئىزاھلىغان «sarchil»، «sarcil»، «sarcol» نامى، ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى «sarikol» (sarikul) ـ سارىكۆل بولسا كېرەك ⑧. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كاۋانتا» (kavan ta) دەپ ئاتالغان قەدىمكى تاشقورغان ئېلىنىڭ نامى بولۇپ، قەدىمكى تاجىكلار «سارىكۆل ـ sarikol» دەپ ئاتىغان ئىدى. ⑨ شۈەن زاڭ تىلغا ئالغان «sita» دەرياسىمۇ قەدىمكى كاۋانتا (kavanta) ئېلىدە ئىدى⑩. دېمەك، قەدىمكى يەكەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى بولغان تاشقورغان دەرياسى «sita» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا «saku»، «saka» (莎车) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ⑪ بولۇپ، خاتا ھالدا ھازىرقى يەكەننى كۆرسىتىپ قالغان.

ئىككىنچى، «تارىم» نامى ئۇيغۇر تىلىدا «ئېكىنزار»، «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەيدىغان قاراش ⑫. بۇ قاراش 1819 ـ يىللىرى يېزىلغان «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دە ئېيتىلغان «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلاشتىن كەلگەن ⑬ بولۇپ، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى 1990 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «تارىمدىن تامچە» ناملىق ئەسىرىدە «تارىم» ـ «تار» (تەرمەك) دىن ياسالغان ھەرىكەتنام، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تار» تېرىلغۇ مەنىسىنى بېرىدۇ، دېمەك «تارىم» نامى «ئېقىن ـ ۋادا»، «ئېتىز ـ ئۆلكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى ⑭. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا يەنىلا مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ⑮. دېمەك، ئالتە يىلدا ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قارىشى يېڭىلانمىغان. ھالبۇكى، «ئېكىنزار»، «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر»، «ئېقىن ـ ۋادا»، «ئېتىز ـ ئۆلكە» دېگەن مەنىلەر يەنىلا ئوخشاشلىقتا ئىكە، ئارتۇقچە پەرق يوق. ئەمما مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تارىم» نامىنى بۆلۈپ چۈشەندۈرمىگەن، بەلكى باشقىچە ئىزاھلىغان.

ئۈچىنچى، «تارىم» نامىنى «كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدىغان قاراش ⑯. بۇ قاراش مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تارىم» سۆزىگە بەرگەن «كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قويۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى (تارماق دەريا)» دېگەن ئىزاھاتىدىن كەلگەن ⑰. مېنىڭچە بۇ قاراش «تارىم» نامىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى بۇ يەردە «ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا» ئۇسمى تارىم دەرياسىنىڭ «شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ» ⑱ كېتىدىغان تارماق ئېقىنلىرىنى ئىزاھلىغان.

تۆتىنچى، «تارىم» نامىنى چاغاتاي تىلىدا «پەلەك، ئاسمان» مەنىسىنى بېرىدىغان «تارىم» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەيدىغان قاراش ⑲. بۇ قاراش 1992 ـ يىلىلا ئېلى غوپۇر ئەپەندى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

بەشىنچى، «تارىم» نامىنى قەدىمكى ئەمەل نامىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېلى غوپۇر ئەپەندى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ «تارىم» ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولغان بىرەر شاھزادىسىنىڭ ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسىنى سۇيۇرغال قىلىپ ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ⑳ ئەمما بۇ قاراشنىڭ پاكىتى كۆرسىتىلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە «تارىم»، «ئۇسمى تارىم» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە بۇ يېڭى قويۇلغان يەر نامىنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئىزاھلىشى

مۇقەررەر ئىدى . چۈنكى بۇ شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈنمۇ تازا پايدىلىق ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا ، «تارىم» دەرياسىنىڭ نامى بىلەن تەڭ كەلگەن «تارىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاينىڭ نامىنى ۋە «ئۆسمى تارىم» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا ناملىرىنى ئاۋۇتقا سۈرگىلى بولمايدۇ .

ئالتىنچى ، «تارىم» نامىغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن «ئۆسمى» نى قۇم بېسىپ كەتكەن «ئېشەم» شەھىرى بولسا كېرەك ، دەيدىغان قاراش [21] . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۆسمى» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «ئۆسمى ، ئۆسمى تارىم ، ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا . بۇ دەريا شۇ يەردە (ئۇيغۇر ئېلىدە ـ نەقىل كەلتۈرگۈچى) قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ .» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە «تارىم» سۆزىنى ئىزاھلاپ «تارىم . ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ‹كۈچا› ، دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي . بۇ يەر ‹ئۆسمى تارىم› ، مۇ دېيىلىدۇ . ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ .» دەيدۇ [22] . مېنىڭچە قاراخانىيلار دەۋرىدە «تارىم» دەرياسى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارغا ئاساسەن كۈچانىڭ غەرب تەرىپىدىكى جايلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىنىغا ، ئۇنىڭ شەرقىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغىنىغا قاراپ «ئۆسمى تارىم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ‹كۈچا› ، دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى ، «تارىم» دەپ ئاتىلىدىغان جاي ئەينى چاغدا ئىسلام ئېلى بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، «تارىم» دەپ ئاتالغان جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا ـ تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى يەنى غەرب تەرىپى «ئۆسمى تارىم» دەرياسى دەپ ، تۆۋەنكى ئېقىنى ، يەنى شەرقى تەرىپى «تارىم» دەرياسى دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، مەھمۇد قەشقەرى ئىزاھلىغان «ئۆسمى تارىم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «كۈچا» دېگەن جاينىڭ يېنىدىكى «تارىم» نامى ھازىرقى شايار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ، يەنى كۈچا چېگرىسىگە يېقىن جايدىكى «تارىم كەنتى» بولسا كېرەك . ئېلى غوپۇر ئەپەندى ، ئابې تاكىئو ئەپەندىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 351 ـ بېتىدىكى «ئۆسمى» گە ئائىت مۇنداق بايانىنى نەقىل كەلتۈرگەن : «تارىم كۈچانىڭ جەنۇب تەرىپىدە ، تارىم دەرياسى بويىدىكى بىر كىچىك كەنتمۇ «تارىم» دېيىلىدۇ . يۈەن دەۋرىدىكى ‹曲先塔林› ، (ئۆسمى تارىم) بەلكىم شۇ بولۇشى مۇمكىن . [23]

## 2 . «تارىم» نامىنىڭ ئەسلىي يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

ئېلى غوپۇر ئەپەندىنىڭ «تارىم» نامىنى «ئەمەل نامىدىن كەلگەن» دەپ قارايدىغانلىقىنى ۋە بۇ قاراشنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق . «تارىم تېكىنلەرگە (شاھزادىلەرگە) ، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سۆز . خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ . خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا ‹ئالتۇن تارىم› ، دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ [24] . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئىزاھاتىدىن ئىككى نەرسىنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەس . بىرى ، ئافراسىياپ دەۋرىدىمۇ «تارىم» سۆزىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە بۇ سۆزنىڭ دەسلەپتە ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغىلا خاس سۆز ئىكەنلىكىنى ، يەنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ؛ يەنە بىرى ، «خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ» غانلىقىدىن «تارىم» سۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، «خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا» ئىشلىتىلىدىغان بۇ نامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىۋان ئورنىدا پەقەت خان ئەۋلادلىرىنىڭلا بەھرىمەن بولالىغانلىقىمۇ ، ئەلۋەتتە يەنىلا «تارىم» سۆزىنىڭ ئۇلۇغ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇنداقتا «تارىم» نامىنىڭ يىلتىزى زادى نېمە؟ مېنىڭچە مەھمۇد قەشقەرى يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا» ۋە «خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا» ئىشلىتىلىدىغان خاس سۆز ، يەنى مەرتىۋە (ئۇنىۋان) نامىغا قاراش كېرەك . بۇ خاس سۆزنىڭ دەسلەپتە

پەقەت ئاياللارغىلا ئىشلىتىلگەنلىكى بىزنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ . مانا بۇ «تارىم» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . مېنىڭچە ، «تارىم» سۆزىنىڭ دەسلەپتە ئاياللارغىلا خاس بولۇشى ، قەدىمدە ئېسىل نەسەبتىن بولغان ئاياللارنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى ، ئېنىقراقى ئاياللارغا ئىلاھ ـ تەڭرى نامىنى بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . كېيىنچە ئەرلەر (خان ئەۋلادلىرىدىن بولغانلىرى ) گىمۇ سۈپەت نامى قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى دەۋردە خان ياكى خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئەرلەرنىڭ ئىسمىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان . ن . ن . كروتكوف ئۈرۈمچىدىن يىغىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياپ توغرىلىنىڭ كىمسۇن ئىسىملىك بىر دېھقان (ئايال قۇل ) نى ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەتنىڭ 13 ـ قۇرىدا «تارىم» ئىسىملىك بىر گۇۋاھچى تىلغا ئېلىنىدۇ [25] . مىلادى 1300 ـ يىللار ئەتراپىدا قومۇلنىڭ «تارىم» (Tarim ) » ئىسىملىك شاھزادىسىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم [26] . ئۇنىڭدىن باشقا ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «تارىم» سۆزى «تەڭرى» مەنىسىدە ئۇچرايدۇ . تۇرپاندىن تېپىلغان ، 1942 ـ يىلى رامستېدت تەتقىق قىلغان «كۆنقۇزنىڭ بۇقا قۇلى ئاتلىق قۇلىنى ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىسى» نىڭ 17 ـ ۋە 18 ـ قۇرىدا

« 1...tanuq tort m(a)harac t(a)ngri—lar tanuq yiti aka baldiz t(a)ngrim—lar...»

«1 . . . گۇۋاھچى ؛ تۆت ئۇلۇغ تەڭرىلەر ، گۇۋاھچى ؛ يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تەڭرىلەر » [27] دېيىلگەن . بۇ ھۆججەتنى مېھرىگۇل مامۇت نەشرگە تەييارلىغاندا «tort m(a)haract(a)ngri—lar»نى «تۆت ماخاراج تەڭرىلەر» دەپ تەرجىمە قىلغان [28] . ئىدىقۇت قەدىمكى شەھرىدىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە يۇقىرىقى ھۆججەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان گۇۋاھقا تارتىلغان سۆز بار :

« (17)tanuq tort maharac t(a)ngri—lar yiti aka baltiz tarim—lar»

« (17 ) گۇۋاھچى : تۆت ئۇلۇغ تەڭرىلەر ، (گۇۋاھچى : ) يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تارىملار » [29] . ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «دەپنە خىراجىتى خاتىرىسى» نىڭ 93 ـ قۇرىدا «tarim (تەرىم ) سۆزى بىۋاسىتە ئوردا خېنىملىرىنى كۆرسەتكەن [30] . يۇقىرىقى ھۆججەتلەردىكى ئىلاھ نامى سۈپىتىدە گۇۋاھقا تارتىلغان «تارىم» (tarim ) ، «يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تەڭرىلەر» ياكى ئوردا خېنىملىرىنى كۆرسەتكەن «تارىم» (tarim ) لارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش «تەڭرى» (tangri ) نامىدىن كەلگەن بولۇپ ، «يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تارىملار » بىلەن مۇناسىۋەتلىك . دېمەك ، «تەڭرى» سۆزى «يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تەڭرى (تارىم )» ۋە «تۆت ئۇلۇغ تەڭرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان . «تارىم» دېگەنلىك «تەڭرى» دېگەنلىكتۇر . پىلىئوتنىڭ قارىشىچە ، «تەڭرىم» (tangrim ) سۆزى «تەرىم» (tarimm ) گە ، «تەرىم» بولسا «تارىم» (tarim ) غا ئۆزگەرگەن [31] . بىزگە مەلۇمكى ، قەدىمكى ھون تىلىدا «ئىلاھ» سۆزى «تەڭرى» دېيىلگەن . شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «تەڭرىتاغ» نامى قويۇلغان . ئەلۋەتتە ، تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىن سىرغىپ چىققان «تارىم» دەرياسىمۇ «تەڭرى سۇ» ئىدى . مەنىسى ئىلاھ ، مۇقەددەس تاغ ياكى دەريا دېگەنلىك بولىدۇ . شۇڭا ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا «تارىم» دەپ نام بېرىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنۇشى كېلىپ چىققان . كېيىن خان ئەۋلادلىرى ، ئوردا خېنىملىرى بۇ مەرتىۋىگە نائىل بولغان . قەدىمكى كىشىلەردە بىرەر توختام تۈزۈلگەندە «يەتتە ئاچا ـ سىڭىل تارىم (تەڭرىم )» نىڭ گۇۋاھقا تارتىلىشى تەبىئىي ئەھۋال .

قىسقىسى ، «تارىم» نامى «تېرىقچىلىق» ، «ئېكىن يەر» ، «ئېقىن ـ دەريا» ، «ئېتىز ـ ئۆلكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ . بەلكى «تەڭرى» ، «تەڭرىم» دېگەنلىك بولۇپ ، مۇقەددەس ، ئىلاھ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . كېيىنچە خانزادىلەرنىڭ ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىلىپ ئەمەل نامى بولۇپ كەلگەن . بۇ ئىلاھەتلىك ھۆرمەتلىك ، مۇقەددەس دېگەنلىك بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com



# بىزگە لازىمى تەپرىقچىلىق ئەمەس تەنقىدچىلىك

يۇسۇپ ئىگەم

1999 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا دوتسېنت غەيرەتجان ئوسمان بىلەن مۇھەممەد تۇرسۇن ئەلىنىڭ فولكلورچى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ هايات پائالىيىتى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان، ئابدۇكېرىم راخمان ئىجادىيەتلىرىنىڭ يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ماقالە بېسىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم راخماننىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدىن خەۋەردار بولغان ۋە بولمىغان كىشىلەر ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئوڭۇش ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خەلقىنىڭ ئوڭۇش ـ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ بىلىشىپ قۇۋانچىقا چۆمۈشكەن ئىدى . . . .

لېكىن ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل سانىدا تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا «ماۋزۇ ئىسلاھاتى ئىستراتېگىيىسى» ۋە مۇھەررىر قويىمچىلىرى»، نامىلىق بىنورمال ماۋزۇلۇق ماقالە بېسىلدى. مەن ماقالىنى بىر رەت ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن «تەنقىدچى» نىڭ بەزى باھالارنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئېيتقانلىقىنى، ئەسەرنى تەنقىدلەيمەن دەپ ئابدۇكېرىم راخماننىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقىنى، ماقالەنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىككە تويۇنغانلىقىنى، ماقالە مەزمۇنىدىمۇ ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە سەۋەنلىك ۋە سەل قاراشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كونىلاردا «بىراۋلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار سىلەرنىڭ ئادىل بولۇشۇڭلارغا توسالغۇ بولمىسۇن» دېگەن گەپ بار. «تەنقىدچى» ماقالىسىدا مۇنۇ ئىككى نۇقتىغا سەل قارىغان. بىرىنچى: ھەرقانداق مۇئەللىپ مەتبۇئاتقا ئەسەر تاپشۇرسا مۇھەررىرلەر تەرىپىدىن قىسقارتىلىش ياكى بەزى يەرلىرى ئۇزارتىلىش، ماۋزۇلىرى ئۆزگەرتىلىش ھادىسىسىگىمۇ ئۇچراش بىلەن ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ قالىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئەسىرى ئۆز قولىدىن قانداق چىقسا شۇنداق ئېلان قىلىنىدۇ دېسەك، بىر تەرەپلىمە قارىغان بولىمىز. ئەگەر مۇئەللىپنىڭ ماقالىسى بىرىنچى قېتىملىق بېسىلىشتا مۇھەررىر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىشكە ئۇچرىغان بولسا مۇئەللىپ قايىل بولماي قايتا ئېلان قىلسا ياكى قۇرامىيە (نەزەرىيە)، كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ يېڭىلاپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ قايتا يېزىپ ئېلان قىلىشىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىلمىي قۇرامىيە (نەزەرىيە) ۋە كۆز قاراش ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس ھەم مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس. ئۇلار دائىم ئۆز مۇئەللىپلىرى ۋە باشقا ئىجادىيەتچىلەر تەرىپىدىن يېڭىلىنىپ تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر زورلاپ ئارىلاشمىسىمۇ «ئاتالمىش دېزىنفېكسىيە» ئىشلىرىنى قىلمىسىمۇ شۇ پەن ساھەسىنىڭ كەسپكارلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى چۈشىنىپ يېتىدۇ

ئىككىنچى: «تەنقىدچى» ماقالىسىدە 1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللاردىكى ئۆزى قەستەن «خاتا» دەپ قارىغان ئەھۋاللارنى 1984 ـ يىلدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان (849 ـ نومۇرلۇق) «كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ باسما ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىنىدىغان نىزامنامە» ۋە 1990 ـ يىلى ئىجرا قىلىنىش رەسمىي قارار قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى» قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆلۈك مۇشۇك تاشلاپ بەرگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەندىن سىرت، مۇھەررىرلەرگىمۇ ھاقارەت كەلتۈرگەن. «تەنقىدچى» نىڭ ئىشلەتكەن ھاقارەتلىك سۆزلىرىنى نورمال ئەخلاق قارىشىغا ئىگە ئادەملەر ئوقۇشتىن نومۇس قىلىدۇ.

كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئايان. ھەرقانداق ۋەقە ئۆز دەۋرىدىكى قانۇن ـ نىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە، سىياسىي

ـ قانۇن ئىشلىرىنىڭ كۈنتەرتىپىدە يېڭى مۇناسى-
ۋەتلىك قانۇن نىزامنامىلەر ئېلان قىلىنغاندىن كې-
يىن بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزامنامىلەر
ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇڭا، ئالدىدا يۈز بەر-
گەن ئىشلارنى كېيىن ئىمزالانغان قانۇن ـ نىزام-
نامىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويۇلماي-
دۇ. شۇڭا، «تەنقىدچى» نىڭ ئادەتلىنىپ قالغان
باشقىلارغا «قالپاق كەيدۈرۈش» ئارقىلىق «ئەدەپ-
لەش ئۇسۇلى» بويىچە ھېچقانداق قانۇن ـ نىزاملا-
رغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان ئاپتورنىڭ ئىجادى ئەم-
گەكلىرىنى يېڭى ئېلان قىلىنغان قانۇن ـ نىزاملار-
غا مەجبۇرلاپ تېڭىش گوياكى تۇغۇلمىغان بالىغا
ئات قويغاندەكلا كۈلكىلىك ئىش.

كونىلاردىكى «ھېكمەت ئاتا قىلىنغان كىشىگە
كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ» دېگەن ھېك-
مەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە پروفېسسور ئابدۇكېرىم
راخمان ئۆزىنىڭ مۇئەللىملەرگە خاس خىسلىتىنى
ساقلاپ توغرا دەلىللەرنى كۆرسىتىپ «تەنقىدچى»
گە ۋە پۈتكۈل ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈشلەرنى
بېرىپ «ھەقىقەت پوپۇزىدىن قورقمايدۇ» ناملىق
ماقالىسىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ «يىقىلغان چې-
لىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك تەنقىدچى زىددىيەتنى
«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» گە يۆتكەپ شۇ گېزىت-
نىڭ 27 ـ ماي سانىدا «ئۇيغۇر فولكلور ساھەسى
«قاشاسىز كۆل، ئەمەس» سەرلەۋھىلىك ماقالى-
سىنى ئېلان قىلىپ تېخىمۇ بەك ھاقارەتلىك سۆز-
لەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. «تەنقىدچى» نىڭ
ئېيتقانلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان
بولسا، «تەنقىدچى» نىڭ قەلەم قۇۋۋىتى ھەقىقەتەن
كۈچلۈك بولىدىغان بولسا، ئۆز ئىززەت ئابرۇيىنى-
مۇ قايرىپ قويۇپ ئىجادىيەتنىڭ باھاسىدە ئابدۇكې-
رىم راخماننى ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپكارانە ھا-
قارەتلىمىگەن بولاتتى. بىلىنۋېلىشقا بولىدۇكى «تەن-
قىدچى» نىڭ ماقالىسى قايىلچانلىقى يوق، ئىلمىي-
لىكىنى يوقاتقان، شەخسىي ئاداۋەتتىن تۇغۇلغان
مەھسۇلات. تەنقىدچى بۇ ماقالىسىدىمۇ مەقسەتلىك
بۇرمىلاش ۋە ئېزىقتۇرۇشتىن خالىي بولالمىغان.

كۆپچىلىككە ئايانكى، قېلىپلاشقان فولكلور-
لۇق ھادىسىلەرنى بىرنەچچە ئالىم ئوخشاش يېزىشى
مۇمكىن. ئۇلارنىڭ پەقەت سۆز ئىبارىلىرى ۋە ئى-
پادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنى
تۆرمۇشتىكى ئەمەلىي مىسال بىلەن باشقىچە ئىزاھ-
لاپ ئۆتەي. مەسىلەن ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ھايا-
تى پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنى غەيرەتجان ئوسمان
بىلەن مۇھەممەد تۇرسۇن ئەلى تونۇشتۇرۇپ ياز-
دى، ئەگەر مەنمۇ يازسام مەزمۇن ئوخشاش چىقى-
دۇ. لېكىن تىل ئىشلىتىشىم بىلەن يېزىش ئۇس-
لۇبىم ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ماقالەم ئېلان قى-
لىنغان ئەھۋالدا مېنى غەيرەتجان ئوسمان بىلەن
مۇھەممەد تۇرسۇن ئەلىنىڭ ئىجادىيىتىدىن كۆ-
چۈرگەن دېگىلى بولامدۇ؟!

«تەنقىدچى» ئاللىبۇرۇن ھەل بولغان «ئۇي-
غۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان» ۋەقەسىنى قايتا
كۆتۈرۈپ چىقىپ يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئابدۇكېرىم
راخماننىڭ ماقالىلىرىنى بىرمۇ ـ بىر كۆرۈپ چى-
قىشىغا ئۆلگۈرمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ مەسىلە
ـ مىساللارنى ناھايىتى كۆپ ئالغان. لېكىن ئاشۇ
مىساللار ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ماقالىلىرىدە ئۆ-
زى يېزىپ قويغان نەقىللەرنىڭ مەنبەلىرىدۇر. مانا
بۇ «تەنقىدچى» نىڭ ئېزىقتۇرۇش تاكتىكىسى.

بۇ ھادىسىدىن بىز بىر خىل ئومۇمىيلىقنى
كۆرۈۋالايمىز. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى
جەمئىيىتىمىزدە پەقەت «تەنقىدچى بىلەن ئابدۇكې-
رىم راخمان» غىلا تەۋە ئىش ئەمەس.

كۆپ سانلىق كىشىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈپ
كېلىۋاتىدۇكى، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان
يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئۆرپ ـ ئادەتنى جاپا-
لىق تەتقىق قىلغان ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان،
ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن
بۇيان ئۇ يەنىلا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى
يىراق كۆرمەي جاپا تارتىپ ئايلىنىپ چىقىپ شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئاز
سانلىق مىللەتلەر مۇزېيىنى قۇرۇشتا ياشلار بىلەن
تەڭ ئىشلىگەندىن سىرت، مۇزېينىڭ باشقۇرۇشىدا
ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە «شىنجاڭ فولك-
لور مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (شىنجاڭ تارىخىدىن
تەرمىلەر ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىقى 1 ـ سان
44 ـ بەتكە قارالسۇن) چىقىرىمەن دەپ ھەر تەرەپ-
تىن يول ئىزدەۋاتقان ئەھۋالدا، «قانداق ياردەم
بېرىمىز؟ تىراژ توپلاپ بېرەيلىمۇ؟ تەشۋىق قىلىپ
بېرەيلىمۇ؟» دېگەن ئېزگۈ تىلەكلەر پەيدا بولماي،
پۇت قولى ئىشقا بارمىسۇن، تىلى گەپكە دېگەنچى-
لەپ تەپرىقچى ماقالىلەر يېزىلىپ دىققىتىنى چاچى-
دىغان ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھەممە كۆرۈپ
تۇردى.

تارىخىمىزدا زىيالىيلىرىمىز مۇنداق چوڭ ـ
كىچىك زىددىيەتلەردىن خالىي بولالماي بەدەل تۆ-
لىگەن ئىدى. ئۆتمۈشتىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ شۇ
تەپرىقچىلىقى بۈگۈنكىدەك ئىلىم ـ پەن يۈكسەك
ئۈستۈنلۈككە چىققان دەۋردە قايتا يۈز بەرسە نو-

www.uyghurkitap.com



مۇس ئەمەسمۇ؟ بىز ئىلىم ـ پەندە ئارقىدا قالغان
كىشىلەر بولغاندىن كېيىن ئالدىغا كەتكەنلەرگە قا-
رىغادا تېخىمۇ بەك ئۆگىنىشىمىز، تېخىمۇ چوڭقۇر
تەتقىق قىلىشىمىز. ئىلگىرىكىلەردىن ساۋاق ئېلى-
شىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى خۇسۇسەن بىر ـ
بىرىمىزنى ئىلىم ـ پەندە ئىلگىرى كەتكەنلەرگە
قارىغاندا تېخىمۇ بەك ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك ئى-
دىغۇ!؟ لېكىن بىزدە تەتۈرلۈك بار، ئابدۇكېرىم
راخماندەك ماھارىپچىلىرىمىز نەچچە ئون يىللاپ
مۇنبەردە بور سۈمۈرۈپ، سائەت ـ سائەتلەپ ئۆرە
تۇرۇپ، گاللىرىنى قۇرۇتۇپ، دەرس سۆزلەپ،
ياش بوغۇنلار قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چېچىپ دەم
ئېلىشقا چىقاي دېگەندە ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلى-
رىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز.
لېكىن ئارىمىزدا «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدى-
غان» ھېلىقىدەك تەپرىقچىلەرگە سۈكۈت قىلىپ
«تاماشا» كۆرىدىغانلار خېلى كۆپ.

بولدىلا... ماقالىنىڭ بېشىدىكى گەپكە كې-
لەيلى. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» گە بېسىلغان
«ئۇيغۇر فولكلور ساھەسى ‹قاقاسىز كۆل› ئە-
مەس» دېگەن ماقالىنىڭ تېمىسىدىلا مەسىلە بار.
پەن ساھەسىدە قاشا پەيدا قىلىپ كىمنى كىرگۈ-
زۈش كىمنى كىرگۈزمەسلىك مەسىلىسىنى ئويلى-
شىدىغان بولساق. ئەڭ ئالدى بىلەن فولكلور سا-
ھەسىنى «ئەدەبىي تەنقىد بىلەن دېزىنفېكسىيەلەش»
كويىدا بولىدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى پەقەت ۋە
پەقەت «ئىنكارچىلىق» ياكى بولمىسا «ئەدەبىي
غەيۋەتچىلىك» دەپلا چۈشىنىۋالغان ئادەملەرنى
كىرگۈزمىسە بولىدۇ.

«ئۇيغۇر فولكلور ساھەسى ‹قاقاسىز كۆل›
ئەمەس» دېگەن ماقالىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدىكى
ئېيتىلغان مەزمۇن 1980 ـ يىللاردا ھەل بولۇپ
ش ئۇ ئا ر نەشرىيات ـ ئاخبارات ئىدارىسى ئابدۇ-
كېرىم راخماننى ئاقلاپ ھۆججەت چۈشۈرۈپ ھەر-
قايسى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا تارقاتقان. ماقالىدە
تەكرار دېيىلگەن «ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي
بايان» كىتابىنىڭ 1982 ـ يىلى تۈنجى بولۇپ نەش-
رىدىن چىقىشى شۇ چاغدىكى دەرسلىك كەم بولۇ-
ۋاتقان شارائىتتا ماھارىپ ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقى-
يەت ئىدى. ئەينى چاغدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر
فولكلورى تېمىسىدىكى تېخىمۇ مۇكەممەل بىرەر
نەزەرىيىۋى كىتابنىڭ نەشردىن چىقماسلىقى ۋە
1997 ـ يىلدىكى تۈركىيە مەدەنىيەت باقانلىقىنىڭ
باش باقانىنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە كىرىش سۆز يې-
زىپ بېرىشى بىلەن تۈركىيىدە قايتا نەشر قىلىنى-
شى پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخماننىڭ شەخسىي
مۇۋەپپەقىيىتىمۇ بولالايدۇ. «ئۇيغۇر فولكلورىدىن
ئومۇمىي بايان» ھادىسىدەك ھادىسىلەر پەن تارىخىدا
كۆپ ئۇچرايدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى كەڭرەك قىلى-
ساق بۇنى ئوبدان چۈشىنىۋالالايمىز. جۇڭگو تىل-
شۇناسلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغان
ۋاڭ گۇلونىڭ «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»
ناملىق كىتابى ئاساسلىقى ياپونىيىلىك ئەنتو جىگى-
سىنىڭ تىلشۇناسلىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىش
ئاساسىدا 1931 ـ يىلى يېزىلىپ نەشرلەنگەن.
جوۋبيەنمىڭ، يۈن دىيەنچىڭ 1944 ـ يىلى يېزىپ
چىققان «تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى» ناملىق كىتا-
بىمۇ تەرجىمە ئاساسىدا قوشۇمچە پىكىر قوشۇشنىڭ
مەھسۇلاتى. لېكىن خەنزۇ تىلشۇناسلارنىڭ ھېچ-
قايسىسى بۇ ئەسەرلەرنى كۆچۈرمىچىلىكنىڭ تۇ-
غۇندىسى دېمەيدۇ؛ بەلكى ئەشۇ دەۋرلەردە تىلشۇ-
ناسلىق بىلىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يوقىرىقى كى-
تابلار بىلەن خەلققە يەتكۈزۈلگەنلىكتىن پەخىرلى-
نىپ ئۇ ئەسەرلەرگە جۇڭگو تىلشۇناسلىق تارىخى-
دىن ئورۇن بېرگەن. ھېچكىم ۋاڭ گولو، جوۋبې-
يەنمىڭ ۋە يۈن دىيەنچىڭنى كۆچۈرمىچى دېمىگەن
ھەم تىللىمىغان. بۇنىڭدىن باشقا مىسالنى ئالساق،
مەلۇم ساھەدىكى مۇتەخەسسىستە شۇ زاماندىكى ياكى
بولمىسا ئىلگىرىكى دەۋردىكى پېشقەدەم كەسپداش-
لارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. تىلشۇناس خۇ-
يۇلۇدا دانىيە تىلشۇناسى ئوتتو يېسپېرسېننىڭ تە-
سىرى كۈچلۈك، خۇيۇلۇ ئوتتو يېسپېرسېننىڭ
تەسىرىدىن ئۆمۈر بويى دېگۈدەك قۇتۇلالمىغان،
بۇنىڭغا قاراپ تىلشۇناس خۇيۇلۇنى يېسپېرسېنى-
دىن كۆچۈرگەن دېگىلى بولمايدۇ. «ئۇيغۇر فولك-
لورىدىن ئومۇمىي بايان» دا مۇئەللىپ پايدىلىنىل-
غان مەنبەلەرنى قەيت قىلغاندا «بۇ كىتابنى تۈ-
زۈشتە پروفېسسور ۋۇبىگىنىڭ «جۇڭگو فولكلو-
رى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسىرى ماڭا ناھايىتى زور
ياردەم بەردى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستازىم ۋۇ-
بىگىنگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن» دې-
گەن روشەن پىكرىنى بايان قىلغان. قالغان ماقالى-
لىرىدىمۇ قانچە مۇتەخەسسىسنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلا-
نغان بولسا شۇنچە مۇتەخەسسىسنىڭ نام ـ شەرىپى-
نى، ئىلمىي ئەمگىكىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا
ئەسكەرتىپ ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ ئەقەللىي كەسپىي
ئەخلاق بۇرچىنى ئادا قىلغان. بەزىدە ئىجادىيىتىدە
جۇڭگو ۋە دۇنياغا ئورتاق بولغان فولكلورلۇق نەزە-
رىيىنى ئۇيغۇر فولكلور ساھەسىگە تەدبىقلىغان.
«ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان» ھەققىدە

توختالغاندا بىز ئابدۇكېرىم راخماندا ۋىجدانىنىڭ ئەسىرى كۈچلۈك دېيەلەيمىز.

«ئۇيغۇر فولكلور ساھەسى ‹قاشاسىز كۆل›، ئەمەس» دېگەن ماقالىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە دەپ ئۆتۈلگەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزامنامىلەردىن نەقىل ئېلىش، ئۆزۈپ ئېلىش 2500 خەتتىن (خەنزۇچە خەت سانى) ئېشىپ كەتمەسلىكى تەشەببۇسى بىر تىلدىكى ماقالىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ تەرجىمە قىلىپ، قايتىدىن تۈزۈپ نەقىل ئېلىش بۇنىڭ سىرتىدىكى مەسىلە. بىز تەرجىمىنىڭمۇ ئىجادىي قىممىتىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. نەقىل ئېلىشتىكى مەسئۇلىيەت مەسىلىسى ئايرىم - ئايرىم ئىككى پارچە ئەسەردىكى نەقىل - ئىستاتىلاردا بولۇپ ھەرگىزمۇ ھەرقايسى ئەسلىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ خەت سانىنىڭ بىر پارچە يېڭى ئەسەردىكى يىغىندىسى ئەمەس.

مۇئەللىپنىڭ باشقىلارنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراش كېرەك. پايدىلىنىلغان مەنبەلەر ئۆز ئانا تىلىدىكى ئەمەس خەنزۇ تىلىدىكى ياكى چەت ئەل تىلىدىكى ماتېرىياللار بولسا پۈتۈنلەي ئۇنى كۆچۈرمىچىلىك دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ساھەسىدە بۇنىڭغا مىسال كۆپ، 1990 - يىللاردىكى تىلشۇناس ئابدۇرەئۇپ پولاتنىڭ «ئۇيغۇر تىلى سۆزلەمشۇناسلىقى» ناملىق كىتابى خەنزۇچە «سۆزلەمشۇناسلىق جۇڭگو بۈيۈك قامۇسىنىڭ تىل - يېزىق بۆلۈمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق كىتاب جۇڭگو بۈيۈك قامۇسىنىڭ تىل - يېزىق بۆلۈمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. «ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە يۇسۇپ ھاجى قەشقەردە ئىبنىسىنانىڭ ‹ئەلقانۇن›، ناملىق كىتابى ئاساسىدا ‹قانۇنچە›، ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقتى» (ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان 168 - بەت)، تەقلىد قىلىشنىڭمۇ ئىجادىيەت ئۇچۇن تۆھپىسى كۆپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى ئايشەم ئەھمەدنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىنىڭ تەقلىدى. مۇھەممەد ئىمىن توختايوفنىڭ «قانلىق يەر» رومانى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» ناملىق رومانىنىڭ تەقلىدى. بۇ ساھەسىدە يەنە ئىككى خىل قۇرامىيە (نەزەرىيە) سىستېمىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن يېڭى قۇرامىيە (نەزەرىيە) سىستېمىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار بولغان. مەسىلەن 19 - ئەسىردىكى دۇنيا يوقسۇللىرىنىڭ كۆسەمى (داھىيسى) كارل ماركس گېرمان كلاسسىك پەيلاسوپى فېيرباخنىڭ مېتافىزىك ماتېرىيالىزمى بىلەن گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك ئېيتىشمىنى (دېئالېكتىكىسىنى) ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىكەن. ئەگەر «تەنقىدچى» نىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك ئاخىرىدا بېرىپ كارل ماركسنىمۇ جۇڭگونىڭ ئەقلىي مۈلۈك سوتىغا سۆرەپ چىققۇسى بار. «تەنقىدچى» نىڭ ئۆز ماقالىلىرىدە كەلسە - كەلمەس شىپە كەلتۈرۈشى، ماقالىنىڭ ساختا جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ساختا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ئابدۇكېرىم راخمانغا مۇناسىۋەتلىك كەسپىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاقسىتىپ ياكى يوققا چىقىرىپ، ئاخىرىدا خەلقنى زىيان تارتقۇزۇشقا ئاپىرىدۇ.

«تەنقىدچى»، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دىكى ئىككى پارچە چاينالما ماقالىسىنىڭ ئورنىغا ئىككى پارچە تەرجىمە ياكى خەۋەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ كىشىلەر «تەنقىدچى» دىن خۇرسەند بولغان بولۇشاتتى. چۈنكى تىللاش ۋە ھاقارەتلەشنىڭ ئۆزى ئىلىم - پەن ئەمەس. ئىلىم - پەن بىزدىن ئىجادكارلىق، بەرپاچىلىق تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ ھەرگىزمۇ ئاھانەت تەلەپ قىلمايدۇ. بىزگە دائىم كۈلۈمسىرەش بىلەن باقىدۇ، بىزگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا لازىمى ئىشى يوق ھورۇنلارغا ۋە ئۆز قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يەيدىغان غەيۋەتچىلەرگە ئويۇن تاماشا پەيدا قىلىپ بېرىدىغان تەپرىقىچىلىق ئەمەس؛ بەلكى ساغلام مەزمۇندىكى توغرا مۇنازىرە يولى بىلەن ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەنقىدچىلىكتۇر.

مۇئەللىپ: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى مۇئەللىمى

www.uyghurkitap.com



# نەشرىياتچىلىقىمىزنى چوڭقۇرلاپ تونۇش، نادىر ئەسەرلەرنى بايقاش ھەققىدە

مۇھەممەت پالتا

ھازىرقى كۈندىكى نەشرىياتچىلىقىمىزدا بارلىققا كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى، تۈرلىرىنىڭ موللۇقى ھەقىقەتەن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭدا جاھالەت بولۇتلىرى ھۆكۈم سۈرگەن، نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسەتلىرى ياۋۇزلاشقان دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرە ئېچىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلارنى ئويلىغاندا، بىز پارتىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىغا تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەمما، بىز مۇشۇنداق پارلاق سىياسەت ئاستىدا ئۆزىمىزنىڭ كۆزۈر بولىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئېلىمىز مەدەنىيىتىگە، ئىنسانىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشالمىغان تەرەپلىرىمىزدىن مەيۈسلىنىمىز.

ئويلاپ باقايلى، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋانى لۇغەت تۈرك» ۋە «ئون ئىككى موقام» باشچىلىقىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئېلىمىز ۋە دۇنيادا نېمە دېگەن ئالىي ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە شۇ بوۋىلىرىمىزدەك پىكىر ئۇستىلىرى بولسا ئىدى، يەنە قانچىلىك شۆھرەت قازانغان بولاتتۇق — ھە! مېنىڭ كاللامدا مۇشۇ خىيال ھۆكۈم سۈرىدۇ: بىز يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە نېمىشكە زامانىمىزدا كۆزولۇق رول ئالىدىغان ئەشۇنداق ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ؟ «بىزمۇ نەشرىياتچىغۇ؟ شۇنداق پىكىرلىك ئەسەرلەرنى ئىزدەپ كۆردۇقمۇ؟ ئالدىمىزغا كەلگەن ئەسەرلەردىن شۇنداق پىكىرلەر ئۇقچۇپ تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى بايقاش قابىلىيىتى بىزدە يېتىلدىمۇ؟» بۇ خىياللىرىمنى خىزمەتداشلىرىمغا ئېيتسام، «سەندەك بىر پەن — تېخنىكا تەھرىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىياللار بەك كەڭ» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، ھەرقانداق ساھەدىكى نەشرىياتتىدا، مۇشۇنداق ئارزۇ — ئىستەك بولۇشى كېرەك. بۇ يالغۇز كەسپىي نۇقتىدا ئېيتىلغان كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ۋىجدان مەسىلىسى، بۇرچ تۇيغۇسىدۇر. مۇشۇنداق روھ بولغاندىلا، بىز ئۆزىمىزدىن ھازىرقى ھالىتىمىز بىلەن توختاپ قالماستىن، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ، كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە ۋىجداندىن ئاداشقان تەرەپلىرىمىزنى تۈزىتىپ، تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ئويلاشقا، مۆجىزىلىك پىكىرلەرنى بايقاپ ئۇنى خەلقىمىزنىڭ كۆزۈرى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز.

ۋىجدان دېگەندە، نۆۋەتتىكى بازار تەلىپى بىلەن نەشر قىلىۋاتقان كىتابلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئالايلۇق، نەشرىياتلاردا خىراجەت مەسىلىسى جىددىيلەشكەندىن كېيىن، ھەددىسىلا «ئۆزى كىچىك، بازاردا پۇل بولىدىغان كىتاب چىقىرىمىز» دەپ، دۇنيانىڭ بىلىم چولپانلىرى ياراتقان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خالىغانچە قىسقارتىپ، خەلقنىڭ قەلبىگە ماياك بولىدىغان مەزمۇنلارنى ناھايىتى پىخسىقلىق بىلەن تارقىتىشقا باشلىدۇق. ھەتتا دۇنيانىڭ ئۇنداق ياخشى ئەسەرلىرىنى ھەزىم قىلالمايدىغان تەرجىمان، تەھرىرلەرگە تاپشۇرۇپ، نۇرلۇق بىلىم دولقۇنلىرىنى پارچە — پۇرات بىلىم خەۋەرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بوۋىلىرى قالدۇرغان كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدە ھېچقانداق بىر نەشرىيات ئايرىم بۆلۈم قۇرۇپ، تەتقىقاتقا ماسلىشىپ چىقارماستىن، ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش ئۈستىدىكى بۇنداق بىر ئىلمى پائالىيەتنى ئالۋاڭ ئورنىدىكى سودىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. ئەگەر ئاپتورلاردىن كەلگەن ئۇ ئەسەرلەر سەل — پەل چوڭ بولۇپ كېتىدىكەن، بېسىلىپ قىلىۋەردى. ئەڭ يامىنى شۇ بولدىكى، ئۆزىمىزنىڭ ئارىسىدا يېزىلغان ئەشۇنداق نادىر ئەسەرلەر سەل — پەل چوڭ كىتاب بولۇش ئېھتىمالى بولۇپ قالسىلا، باش تەھرىردىن تارتىپ خاس شۇ ئەسەرگە مەسئۇل بولىدىغان تەھرىرلەرگىچە، ھەتتا ئۇنى ئوقۇپمۇ باقماستىن «مۇنچە بەتتىن ئېشىپ كەتسە چىقارمايمىز» دەپ، ئايلاپ، يىللاپ ئارقىغا سۈرۈپ، باشقا مىللەتلەردە تېخى بارلىققا كەلمىگەن بۇ گۆھەر پىكىرلەرنى بۇرۇنراق نەشر قىلىشقا ئالدىرىمىدۇق.

مېنىڭ بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. ئۇ زامانىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر كىتاب يازدى. مەن ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا قارىتىلغان بۇ كىتابنىڭ ئورگىنالىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم. ئۇنىڭ كىتابىدىكى پىكىرلىرىنى خەنزۇ ئالىملار « 新的思想飞跃 »، «پىكىر جەھەتتىكى يېڭى سەكرەش» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كىتابى 96 — يىلى پۈتكەن ئىدى. بۇ يېڭىلىق چوڭراق كىتاب بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە نەشردىن چىقمىدى. پارچىلاپ ماقال قىلغاندا بولسا، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىغا ماۋزۇسى يېزىلىپ گەۋدىلىك ئېلان قىلىندى. گېپىنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئەسەردىكى پىكىرلەر مەن ئۈچۈنمۇ بىلىم ئىگىلىكى ھەققىدىكى ياخشى دەرسلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەلەپلىرى ۋە بىزنىڭ بىلىم ئىگىلىكىگە قانداق ئۇيغۇنلىشىش

ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى بىزدىن تەخمىنەن 10 يىل بۇرۇن ئەسەر قىلىپ يېزىپ بولغان، يەنە كېلىپ تولۇق ئىلمى پوزىتسىيە بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆزاقىچە ھۆكۈم سۈردىغان ئەقلشۇناسلىق مەسىلىلىرى بىلەن ئىجادى قۇدرەت ھەققىدىكى بۈيۈك قاراشلارنى ھەممىباب تىل بىلەن بىزگە شەرھىيلەپ بەرگەن. بىلىم ئىگىلىكى دېگەن ئەڭ ئالدى بىلەن ئەقىل بىلەن ئىقتىدارنى چۈشىنىشكە مۇھتاج ئىددىغۇ؟

دېمەك، بىزدىكى كىتابچىلىق شۇنداق تەرەققىي قىلىپ بىزگە بەخت تويغۇسى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، نادىر ئەسەرلەرنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ئىلمى پوزىتسىيە بىلەن نەشر قىلىشتا مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. كەسپى جەھەتتىكى بۇنداق كېسەل نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى قېرىتىپ، ئۆزى كىچىك، پۇل بولىدىغان ئەسەرلەرگە دوم چۈشۈرمەكتە. بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ كۆزۈر ئەسەرلىرىنى چىقىرىشقا چوڭ توسالغۇ. بۇ جەھەتتە نەشرىياتچىلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشىمىز، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، باشقىلارنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەشۇنداق پىكىرلىك ئەسەرلەرگە مەپتۇن بولۇشىمىز كېرەك.

نەشرىياتچىلىق دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە مۇتەخەسسىسلەر توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ ئاجايىپ بىلىم جەۋھەرلىرىنى ياراتتى ھەمدە ئۇنىڭ مەسئۇلاتى بولغان كىتابلارنى تەھرىرلەيدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپا ـ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى «تەھرىرشۇناسلىق» دېگەن پەن دەرىجىسكە كۆتۈردى. شۇنچە مۇكەممەل بىلىم قاتلىمى ۋە كەسپىي ئەخلاقى تەلەپلەر يۇرتىلغان بۇ پەننى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كىشلەر ئۆگىنىمىز؟ جامائەت نېمە دەپ بىز نەشرىياتچىلارغا تەلپۈنىدۇ؟ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا نەشرىياتچىلىق ئاساسلىقى پىكىر يىغقۇچى تۈگۈن. بۇ تۈگۈنگە خۇددى كىچىكلىتىلگەن كائىنات ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى شۇنچە مۇرەككەپ جىسمانىي قۇرۇلما ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئۇلىنىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلغاندەك، جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشلەر ئەنە شۇ نەشرىيات يىغقان پىكىرلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنداق ئىكەن، نەشرىياتچى ئەگەر دۇنياۋى پىكىرلەردىن تارتىپ ئۆز خەلقى ئىچىدىكى ئەڭ توغرا پىكىرلەرنى ئىجادىي تارقىتالىغاندىلا مېڭىسى ساق ئادەم دادىل، توغرا ھەرىكەت قىلالىغاندەك، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ توغرا ھەرىكەت قىلىشىغا كېپىللىك قىلالايدۇ.

بۇنداق ئىكەن، نەشرىياتچى ئۆزىنىڭ نەپسى خائىشىنى يەڭگەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى قوغلاشقۇچى بولىدىكى، باشقا بىر نېمە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقى بار ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۆزىمۇ قىيىنچىلىقتا قالغاندەك بولىدۇ. ئاچ ـ يالىڭاچلارنى كۆرگەندە ئۆزىمۇ ئاچ ـ يالىڭاچ قالغاندەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن يېڭى پىكىرلەرنى يېيىپ ئۇلارغا ھەمدەم بولىدۇ، زاماننىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەندە ئۆز خەلقىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى نىشان قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا تېز ـ تېز ئالغا چامداشقا مايالك بولىدىغان مەنىۋى ئوزۇق تەييارلايدۇ. مانا بۇ نەشرىياتچىلىقتىكى ۋىجدانى گۈزەللىكتۇر.

تەھرىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇنداق گۈزەللىكنى قوغلاشچىقىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلغار مىللەت ۋە ئىلغار دۆلەت دېگەنلەر باشقا نەرسە ئەمەس، شۇ مىللەت ۋە شۇ دۆلەتتىكى شۇڭقار پىكىرچىلەرگە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەمگەكچى خەلق مەنپەئىتى يولىدىكى توغرا ئىلمى پىكىرلەرگە بولۇشۇپ بېرىدىغان، شۇلارغا مۇلازىم بولۇپ خەلقنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قۇراللاندۇرۇشقا ماھىر نەشرىياتچىلىرى، ژۇرنالىستلىرى، ئاخباراتچىلىرى دولقۇنلاپ تۇرىدىغان دۆلەتتۇر. بۇنداق نەشرىياتچىلىرى بار خەلق ئەلۋەتتە زىرەك ئالىملىرى، ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرى، بولۇپمۇ بايلىق ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن تىرەك بولىدىغان ئىختىراچىلىرى، كارخانىچىلىرى بىلەن ۋاقتىدا تونۇشىدۇ، ئىلھام ئالىدۇ، توغرا يولدا مېڭىشنى باشقىلاردىن بۇرۇن بايقاپ، بۇرۇن قۇدرەت تاپىدۇ.

شۇڭا، بىز نەشرىياتچىلار شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىلىم ـ پەن تارقىتىش بىر خىل گۈزەللىك، ئىلىم ـ پەن ئىجادىيى بولسا ئالىي گۈزەللىك. ئىنسانلار چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قوغلاشقانلىرىدا ئالدى بىلەن ئىلىم ـ پەن گۈزەللىكىنى قوغلىشىدۇ. نەشرىياتچى پەقەت مۇشۇ گۈزەللىكنى قوغلاشقاندىلا ھەم ئىلىم ـ پەندىكى ئىجادىيەتلەرنى ۋاقتىدا بايقىغاندىلا، «كۆرۈنمەس پرونت» تىن ئۆزىنىڭ سىخىيلىق خاسلىقى بىلەن جامائەت ئىچىدىكى ئۇنتۇلماس گۈزەل شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ.

چۈنكى، ھەرقانداق گۈزەل نەرسە كىشلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن گۈزەل ئادەملەرنى ئېسىڭىزگە ئېلىڭچۇ، ئۇلارنىڭ تاتلىق سۆزلىرى، نازلىق خۇلۇقلىرى، تۇرمۇشتىكى ئوماق شوخلۇقلىرى كۆز ئالدىڭىزدا جىلۋە قىلىدۇ. سىزنىڭ ھاياتىڭىزمۇ شۇنداق، ئەگەر سىز نەشرىياتچىلىق جەريانىدا ئەشۇ گۈزەللىكلەرگە شەيدا بولسىڭىز، سىزنىڭ جىسمىڭىز كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىپ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مەنىۋى ئوبرازىڭىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە قالىدۇ. سىزنىڭ ھەربىر گۈزەل پەزىلەت، ھەرىكىتىڭىز، گۈزەل خاسلىقىڭىز سىز ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن كىشلەرنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. سىزنىڭ تەھرىرلىك ئەمگىكىڭىز بولسا كېلىچەكتە سان ـ ساناقسىز ئەۋلاتلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئىرادىسى بولۇپ قالىدۇ. سىزدەك خاسىيەتلىك نەشرىياتچى ئۈچۈن ۋاقىت ئالىيجانابلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس، كېلىچەك سىزدىن خۇشال بولىدۇكى، سىزنىڭ ئۆگىنىشكە ئىرىنچەك، ئاپتورلارغا كىبىرلىك قىلىدىغان چاكىنا «تەھرىر» لەردىن ئۈستۈن ئەخلاقى پەزىلىتىڭىز سەھرايى قىشلاقلىرىمىزنىڭ، بازار ـ شەھەرلىرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. سىز ۋىجدان ئويغۇتۇشى ۋە خەلقپەرۋەرلىك بۇرچى قوزغايدىغان بۇنداق ئۇلۇغ روھقا ھەمراھ بولمامسىز؟

www.uyghurkitap.com



# كوسوۋودىكى مىللىي زىددىيەتنىڭ تارىخى مەنبەسى

ياۋروپا بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە
جايلاشقان بۇرۇنقى يۇگوسلاۋىيىدە سىربىيە،
كرودىيە، سلوۋىنىيە، ماكېدونىيە، مونتېگىرو ۋە
مۇسۇلمانىيىدىن ئىبارەت 6 جۇمھۇرىيەت بار ئى-
دى. كوسوۋو يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىربىيە جۇمھۇرى-
يىتى تەۋەلىكىدىكى بىر ئاپتونوم ئۆلكىسى بولۇپ،
بۇرۇنقى يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ
سىربىيە جۇمھۇرىيىتىدە ئىككى ئاپتونوم ئۆلكە قۇ-
رۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە بىنائەن ۋېن-
گىرلارغا ھامى بولىدىغان ۋويېۋودىنىيە ئاپتونوم
ئۆلكىسى بىلەن ئالبانلارغا ھامى بولىدىغان كوسوۋو
ـ مىتوشىيە ئاپتونوم ئۆلكىسى 1946 ـ يىلى
قۇرۇلغان ئىدى. بۇ يەردە ئالبانلار، سىربلار،
تۈركلەر، بۇلغارلار ياشايتتى. يېقى ئەسىر يېتىپ
كېلىش پەيتىدە، مۇشۇ كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىسى-
دە ئىنسانلار تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇ-
رۇش مالىمانچىلىقى پاجىئەسى يۈز بەردى.

مىللىي زىددىيەت دىنىي كەمسىتىشتىن كې-
لىپ چىققان. كوسوۋولۇقلارنىڭ ئەجدادى ھازىرقى
سىربلار بىلەن ئالبانلارنىڭ كېلىش مەنبەسى بول-
غان بالقان يېرىم ئارىلىدا ئۆتكەن ئىېرلىيىكلەر
ئىدى. مىلادى 6 ـ 7 ـ ئەسىردە يۇگوسلاۋىيىدىكى
ھەرقايسى ئۇرۇق جەمەتلەر بالقان يېرىم ئارىلىغا
تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ يەردىكى
ئۆز مىللىتىنىڭ سلاۋىيان، مەدەنىيىتىنىمۇ بىر-
گە ئېلىپ كەلدى. ئۇزۇن يىللار ئارىلىشىپ يا-
شاش نەتىجىسىدە كۆپلىگەن ئاھالىلار تەدرىجىي
ھالدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى.
سىربلار ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ھالبۇ-
كى، قىسمەن ئىېرلىيەلىك ـ ئۆز ئەنئەنىلىرىنى
ساقلاپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنمىغان ئاز سانلىق-
لارغا ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا بۈگۈنكى ئالبان-
لارنى شەكىللەندۈردى. ئەمەلىيەتتە ئالبانىيە تېر-
رىتورىيىسى ئىچىدىكى ئالبانلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمۇ
ئىېرلىيەلىكلەر ئىدى.

14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئوسمان ئىمپېرىيە-
سى كوسوۋو رايونىغا كىرىپ ئىسلام دىنىنى تەر-
غىپ قىلىش ئۈچۈن يەرلىك ئاھالىلارغا قارىتا دى-
نىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت «كەڭ قويۇ-
ۋېتىش» سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇلار ئىسلام دى-
نىغا كىرگۈچىلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى
قوللىنىپ، پىرتىساك دىنىدىكى سىربلار بىلەن
كاتولىك دىنىدىكى ئالبانلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى
زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. بۇنداق باجنى ئادەتتىكى
كىشىلەر ئەگەر ئىسلام دىنىغا كىرسە تاپشۇرمايت-
تى. بۇ خىل تەڭسىز مىللىي دىنىي سىياسەتكە
قارىتا ئىككى مىللەت ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل
يولنى تاللىدى. ئالبانلار باج تاپشۇرالمىغانلىقتىن
ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشتى، سىربلا بولسا
دىنىي ئېتىقادىدىنمۇ ۋاز كەچمەيدىغان، باجمۇ تاپ-
شۇرمايدىغان، ئېتىقادىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن
ئۆي ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىدىغان قارشىلىشىش
ئۇسۇلىنى تاللىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە
ئەسىر ئىچىدە ئۇلار خرىستىئان دىنى ئېتىقادىنى
ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرى-
لىپ ئۆزلۈكسىز سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخى-
رىدا خرىستىئان دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار-
غا ماكانلاشتى. 17 ـ 18 ـ ئەسىر ئىچىدىلا 30
ـ 40 مىڭدەك سىربلار گابوسبورىگ ئىمپېرىيىسى-
نىڭ ۋېنگىرلار رايونى بىلەن ئادرىياتىك دېڭىزىدى-
كى كرويا رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ يەرگە
ئولتۇراقلاشقان پىرتىساك دىنىدىكى سىربلار زىياد-
كەشلىككە ئۇچرىمىدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلى-
رى ياخشىلاندى. كەتكەنلەرنىڭ ئۆي زېمىن ماكان-
لىرى تۈرك ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئېتىقادىنى
ئۆزگەرتكەن ئالبانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى، ھەمدە
يانداش ئەللەردە ياشاۋاتقان ئالبانلارمۇ كوسوۋوغا
كۆچۈپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئال-
بانلار تېزدىن كۆپىيىپ، 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە
ئۇلارنىڭ سانى بۇ يەردىكى نوپۇسىنىڭ %60 نى؛
سىربلار، تۈركلەر ۋە بۇلغارلار بولسا %40 نى
ئىگىللىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇسۇلمان-
لارغا قىلغان ئېتىبار بېرىش يولەش سىياسىتى
ئالبان مىللىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىرتىساك دى-
نىدىكى سىرب مىللىتىگە قاراتقان مىللىي كەمسى-
تىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل ھالەت
سىربلارنى ئىنتايىن نارازى قىلدى. ئۇلار ئوسمان
ئىمپېرىيىسىگە بولغان بارلىق ئۆچمەنلىكلىرىنى
ئالبانلارغا قاراتتى، مىللىي دۈشمەنلىشىش كەيپىيا-
تى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مىللىي زىد-
دىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇ-
رۇشىدىن كېيىن كوسوۋونىڭ كۆپ قىسىم جايلى-

رى پارچىلىنىۋېتىلىپ سىربىيىگە بىلەن مونتېگىروغا
ئايرىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىكى مىللى
تەركىبلەردە ئۆزگىرىش بولمىدى. 1918 - يىلى
بىرىنچى قېتىم سىربلار، كوردلار ۋە سلاۋيانلار-
دىن بىرلىككە كەلگەن يۇگوسلاۋىيە دۆلىتى شەكىل-
لىنىپ، سىربلار ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىدە مۇھىم
ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىش بىلەن كوسوۋودىكى ئالبان-
لارنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بېرىپ، كەمسىتىش، زە-
يانكەشلىك قىلىش، قوغلاپ چىقىرىش قاتارلىق
بىر يۈرۈش زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش ۋاستىلىرى-
نى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇلارنى يات
ئەللىكلەر دەپ تونۇپ، ئۇلارنى نورغۇنلىغان پۇقرا-
لىق نورمال ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. ھۆ-
كۈمرانلار يۈرگۈزگەن بۇ خىل ھەرىكەتلەر سىربلار
بىلەن ئالبانلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى، ئالبانلارنىڭ مۇستەقىللىققا ئىنتى-
لىشى كۈنسېرى كۈچەيدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۇگوس-
لاۋىيىنى گېرمانىيە، ئىتالىيە، ۋېنگرىيە، بولغا-
رىيە قاتارلىق كۈچلۈكلەر بۆلۈشۈۋېلىپ، مىللەت-
لەرنى پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈ-
زۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدى-
لىنىپ، بىر تەرەپكە يان بېسىپ، بىر تەرەپنى
باستى. ئۇلارنىڭ قۇترىتىشى ۋە پايدىلىنىشى بىلەن
مىللى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.
سلوۋېنىيىنىڭ جەنۇبىنى ئىتالىيە ئىشغال قىلدى،
شىمالىغا گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ سلاۋيان-
لارنى ئىشغالىيەت رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى،
ماكېدونىيىنىڭ 3/2 قىسمىنى بولغارىيە يۇتۇۋال-
دى، بولغارلار ماكېدونىيىلىكلەرنى ماكېدونىيىدە
ئولتۇراقلاشقان بۇلغارلار دەپ تونۇپ، بۇ مىللەت-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قىلچىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى.
كوسوۋو، ماكېدونىيە، مونتېگىرودىكى ئالبانلار
ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئىتالىيە يار يۆلەك بولۇ-
ۋاتقان بۈيۈك ئالبانىيىگە قوشۇۋېتىلدى. كوسوۋو-
دىكى ئالبان مىللەتلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال
بولۇشتى. بىرلىككە كېلىش ئۈمىدى تۇغۇلدى دەپ
قاراپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تورمايلا قالماس-
تىن، بۇنىڭدىن ئىنتايىن سۆيۈندى. ئۇلارنىڭ فا-
شىستلارغا يېقىنلىق قىلىشلىرى سىربلارنىڭ ئۇ-
لار بىلەن دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋەت-
تى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىتالىيىلىكلەر كۈشكۈرتىپ
بەرگەنلىكتىن ئالبانلار سىربلارنى، ماكېدونىيىك-
لەرنى، مونتېگىرولىقلارنى قوغلىۋېتىپ، مىتو-
شىيە رايونىدىكى كۆچمەنلەر كەنتلىرىنى ۋەيران
قىلىپ، بىرقاتار قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىللىي
ئۆچمەنلىكتىن ھېساب ئېلىندى. ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىدىن كېيىن كوسوۋونى يۇگوسلاۋىيە يېڭى-
ۋاشتىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئىتالىيە فاشىستلىرىغا
يېقىنلىق قىلغان ئالبانلارنى تازىلىدى. شۇنىڭ بى-
لەن سىربلارمۇ ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.
مىللەتلەر ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ ئۈز-
لۈكسىز يۈز بېرىشى كوسوۋودىكى ئالبانلارنىڭ
مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.
يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ھوقۇق تۇتقان 20 يىل-
نى يۇگوسلاۋىيىدىكى مىللىي توقۇنۇشلار نىسبەتەن
پەسەيگەن، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇقىم
بولغان مەزگىل دېيىشكە بولاتتى. شۇنداقتىمۇ كو-
سوۋودىكى ئالبانلار بىرلىككە كېلىش تەلىپى ۋە
ھەرىكىتىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى، يۇگوسلاۋىيە
كومپارتىيىسى ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن مىللىي
باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىقنى بىرىنچى
ئورۇندىكى سىياسىيەت قاتارىدا ئاساسى قانۇنغا كىر-
گۈزگەن بولسىمۇ، ئالبانلار بۇنىڭدىن رازى بولمى-
دى. ئۇلار باشقا بىرقانچە جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن
ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئاساسلىق مىللەت بولۇپ
ياشاش شارائىتىمىز، جۇمھۇرىيەت بولۇپ شەكىل-
لىنىش شەرتىمىز بار دەپ قاراپ، سىربىيە جۇم-
ھۇرىيىتى قارمىقىدىكى ئاپتونوم ئۆلكە بولۇشقا قا-
يىل بولمىدى. ئازغىنا نوپۇسى بىلەن مونتېگىرو-
لىقلار ئۆزلىرىنىڭ جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان يەردە،
ئۇلارنىڭ نوپۇسى مونتېگىرولۇقلارنىڭكىدىن بىر-
قانچە ھەسسە كۆپ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت
دەپ قارىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ بىر ئاپتونوم ئۆل-
كىسى بولۇپ قالغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەل-
مىدى. شۇ ۋەجىدىن، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۇلار-
نىڭ يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلغان كۆپ
يىللىق ئارزۇسى بولسىمۇ، ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈ-
مەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قى-
لىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى
بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ جۇمھۇرىيەت قارمىقىدى-
كى ئاپتونوم ئۆلكىلەرگە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى
بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل يېزىقىنى ئىشلىتىش،
ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى قۇرۇش، ئۆز-
لىرىنىڭ بايرىقى بولۇشقا يول قويدى. بۇنىڭدىن
كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىسى يۇگوسلاۋىيە فېدىراتسى-
يىسىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن باراۋەر ئىم-
تىيازغا ئىگە پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئاپتونوم ئۆلكە
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇ-
لارنىڭ تەلەپ قىلغىنى پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بولماس-
تىن مۇستەقىللىق ھوقۇقى ئىدى. يۇگوسلاۋىيە
ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا كوسوۋودىكى ئالبانلار
يۇگوسلاۋىيىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلا ئىش بول-
سا، ئۇلارغا بەزى ھوقۇقلارنى كېڭەيتىپ بېرىشكى-
مۇ بولاتتى. شۇڭا، بۇ مەزگىللەردە مىللىي زىددى-
يەت نىسبەتەن پەسەيگەن بولسىمۇ، ئالبانلارنىڭ
مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى يەنىلا ئىش-

قا ئاشمىدى .

ئالبانلار مۇ ـەقىللىقنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى . 1980 ـ يىلى تىتونىڭ ۋاپاتى بىلەن مىللىي زىددىيەت تېزلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى . 1981 ـ يىلى كوسوۋودا يەنە مالىمانچىلىق يۈز بەردى . ئۇنىڭغا كوسوۋودا فىرشتىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تامىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئېلىپ بارغان نامايىش سەۋەب بولدى . لېكىن بۇ ھەرىكەت شۇئانلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ، كىشىلەر تۈركۈملەپ كوچىلارغا چىقىپ ، «بىزگە ئاپتونوم ئۆلكە ئەمەس ، كوسوۋو كېرەك» ، «كوسوۋو ئالبانلارنىڭ كوسوۋوسى ، يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنىڭ كوسوۋوسى ئەمەس» دېگەن شوئارلارنى توۋلاشتى . ھۆكۈمەت ۋە سېربىيە جۇمھۇرىيىتىدىكىلەر ئاخىرى باستۇرۇش ۋاستىسىنى ئىشقا سالدى . بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئۇلار قانۇن سىرتىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئويۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي ، سېربلار ۋە مونتېنېگ90رولۇقلارغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ ، ئۇلارغا تارىخى خاراكتېرلىك ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى قوللاندى . نەتىجىدە نۇرغۇن سېربلار ، مونتېنېگرولۇقلار خەتەرلىك مۇھىتتىن قۇتۇلۇپ ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، توپ ـ توپ بولۇپ يۇرت ماكانلىرىدىن كېتىشتى .

90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ پارتىيە تۈزۈلمىسىدىكى يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىپ كەتتى . ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشتى ، جۈملىدىن كوسوۋودىكى ئالبانلارمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن پايدىلىنىپ ، مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى بالداقمۇ ـ بالداق ئۆرلىتىشكە تىرىشىپ ، زوراۋانلىق ، تېرورلۇق ھەرىكەتلەر ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇردى . ھالبۇكى ، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىغا قارىتا يەنىلا بۇرۇنقى ئۇسۇلى بويىچە باستۇرۇپ ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى . شۇنداقتىمۇ ، كوسوۋودىكى ئالبانلار بۇنىڭلىق بىلەن ھەرىكىتىنى توختاتمىدى ، ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشتىن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنىپ ، يوشۇرۇن ئادەم ۋە ماددىي كۈچ تەشكىللەپ ، قورال كۈچى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش تەييارلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى . 1997 ـ يىلدىن باشلاپ قوراللىق توقۇنۇش باشلىنىپ ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى كوسوۋونىڭ شەھەر يېزا قىشلاق ، قاتناش تۈگۈنلىرى ، چېگرا بويلىرىدا دېگەندەك يۈز بېرىپ تۇردى .

1998 ـ يىلىغا كەلگەندە ، خەلقئارا جامائەتچىلىك كوسوۋودىكى مىللىي زىددىيەتكە ئارىلىشىشقا باشلىدى . ئالبانىيە بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، كوسوۋودىكى سېربلارنىڭ ئالبانلارنى باستۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى . ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ ، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە ، ئالبانىيە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ كوسوۋودىكى ئالبانلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، بۇ ئالبانلارنىڭ سېربلارغا بولغان قارشىلىشىشىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى .

روسىيە كوسوۋو مەسىلىسىدە ئالبانىيىنىڭ ئەكسىچە پوزىتسىيە تۇتۇپ ، ئالبان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى . ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى 1999 ـ يىلى 24 ـ مارتتىن باشلاپ ، 78 كۈنگىچە يۇگوسلاۋىيىنى ئەسەبىيلەرچە بومباردىمان قىلدى ، دۇنيانى زىل ـ زىلىگە سالغان بۇ خىل ۋەھشىيانە قىلمىش تىنچلىق سۆيەر خەلقلەرنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىغا ئۇچرىدى . خەلقئارادىكى خىلمۇخىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئەسلىدىن ئىنتايىن مۇرەككەپ ھالەتتىكى مىللىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى .

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، مەلۇم بىر رايون ، ياكى بىرەر دۆلەتتە ، سىرتقى كۈچلەر بىر تەرەپكە يان بېسىپ ، يەنە بىر تەرەپكە زىيانكەشلىك قىلىپ ، سىياسىي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلسا ، ھەتتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارسا ، ئۇ ، مۇقەررەركى ، شۇ رايوندىكى مىللىي مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار يەنىلا ئاۋام ـ پۇقرا بولىدۇ .

يۇگوسلاۋىيىدىكى چوڭ سايلام 2000 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئاياغلاشتى . ئۇرۇش ئازابىدىن سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر ئەمدى يېڭى قارارلىق رەھبەرلەرنىڭ باشچىلىقىدا مىللىي كىرىزىسنىڭ تۇمانلىرىنى تازىلاپ ، ئىلگىرىكى سالاپىتىنىڭ قايتىدىن نامايەندە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقا باشلىدى .

«قاموس» ژورنىلىنىڭ 2001 ـ يىلى 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : قۇربان سوپى

新疆社科论坛 （维吾尔文版）
新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办
2001 年第 5 期 （总第 53 期）

# 目 录

新世纪，科学与生活 …… 本刊评论员 1

经济商业

经济发展中的尉犁 …… 尉犁地方志委员会 5

经典著作，经典音乐

纳瓦依生评及其创作的论辨 …… H·乌斯曼 10
阿布都合里克维吾尔和辛亥革命 …… A·呢亚孜，I·吾买尔 22

文化，教育

文化中的实事 …… Y·玉乌赛音 24
再能承授飞跃上升的学费吗? …… 肖学惠 34

历史，文物

雅尔塔协定与和平统一中国的政策 …… 邹谠 40
谈苏美尔人与西域文明的联系 …… A·阿不都热西提 48
塔里木之称的词源分析 …… P·艾吾拉胡 G·司马依 52

分析，批评

我们需要的是批评，不是内讧 …… Y·艾格木 56

新闻出版

进一步认识出版，为精品而努力 …… M·怕里塔 60

小百科

科索沃民族民族矛盾的历史根源 …… 宋立梅 62

主编：巴赫提亚·沙依托夫
副主编及其责任编辑：斯拉木江·谢日甫
责任校对：买如甫·买买提明

ئەقلىي ئىقتىدار ھاياتىمىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقى، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش ئىنسانىيەتنىڭ
بۈيۈك خىزمىتى، ژۇرنىلىمىز مانا مۇشۇ بۈيۈك خىزمەت ئۈچۈن پىداكار. ساپا – سۈپىتىڭىزنى ئۆستۈ
رۈشنى ئويلىسىڭىز بۇ يىل 6 – ساندىن باشلاپ بۇ ھەقتىكى سەھىپىلىرىمىزگە مۇراجەت قىلىڭ.



مۇھتەرەم ئوقۇرمەن، سىز ژۇرنىلىمىز بىلەن تونۇشقانمۇ؟ بۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەن مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە ھازىرقى كۈندە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى توغرا بىر پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئومۇميلاشتۇرۇپ خەلققە تاپشۇرىدىغان قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال، مەلۇم مەنىدە دۇنيا خەلقىمىزنىڭ ئىلىم پەندىكى پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان جا-ھاننامىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ژۇرنىلىمىزدىكى مەزمۇنلار ئۇزاقىچە ساقلاش، تەكرار تارقىتىش ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەشتەك مۇھىم قىممەتكە ئىگە. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ژۇرنىلىمىز پەننىڭ سىرلىق ئوردىلىرىدىكى جەۋھىرى پىكىرلەرنى ھەممىباب تىل بىلەن ئەمگەكچى خەلقنى ئاساس قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسىنى بىلىم ئىگىلىكىگە توغرىلاش ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلىدۇ. مانا قارىمامسىز، بۇ يىلقى سانلىرىمۇ جامائەت ئىچىدە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، تۇرمۇشىمىزدىكى جىددىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا خەلقنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە باردى. بەزى ماقالىلىرىنى ھەتتا كىشىلەر قويىن قىلىپ گۆھەردەك قەدىرلەپ كېتىشتى. بىزگە كېلىۋاتقان خەتلەردە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئەمما، بىز بۇنىڭ بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايمىز، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكىل جەھەتتىكى سۈپەتلىرىنى ئىلمى-لىك، ئوقۇشچانلىق، ھەممىبابلىق جەھەتلەردىن داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۇنى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بىر ئاممىۋى ژۇرنال قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئەپسۇسكى، خېلى كۆپ كىشىلەر تېخى بۇ ژۇرنالنى ۋە بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە تارقىتىشقا پىلانلانغان مول بىلىم كارتىنلىرىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن يېڭى تەلەپ پىكىرلەر ۋە نادىر ئەسەرلىرى بولسا بىزگە يوللاپ بېرىشىنى ھەمدە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئەتراپىدىكىلەرنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشىنى سورايمىز.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 9 – قەۋەت «مۇنبەر» تەھرىراتى
دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1147 / C پوچتا نومۇرى: 830002
مۇشتىرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137 – 58 تېلېفون : 2882273 يەككە باھاسى 4.00 يۈەن